
# شىنجاڭ خەلق قۇرۇلتىيى



12 '99



يېڭى قىياپەت بىلەن يېڭى ئەسىرنى كۈتۈۋالماقتا

شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتىدىن چىقىرىلدى

# بىڭتۇەن تۇەن مەيدانىنىڭ قىياپىتى



مەيدان باشلىقى (قانۇنىي ۋەكىلى): ليۇ جۈن


## بىڭتۇەن يېزا ئىگىلىك 7 - شى 123 - تۇەن





يوپۇق يېپىپ كېۋەز تېرىش

پاختا ئېتىزلىرىنى ئۈنچىكىلىك
بىلەن باشقۇرماقتا



سۇ تېجەش



سۇ سىڭمەس ئۆستەڭلەر

فوتوگراف: بېي فېڭ، يىڭ جيەنجۈن، لياۋ جۈيەن

# يېڭى ۋەزىيەت يارىتىپ، يېڭى ئەسىرنى كۈتۈۋالايلى

## ژۇرنىلىمىز تەھرىر بۆلۈمى

ياخشى ئىشلار كۆپ بولغان خاسىيەتلىك 1999 ـ يىلى ئۆتۈپ، مۇشۇ ئەسىرنىڭ ئەڭ ئاخىرقى يىلى يېتىپ كېلەيلا دەپ قالدى. ئەسىر ئالمىشىدىغان مۇشۇنداق مۇھىم بىر يىلدا، پۈتۈن شىنجاڭدىكى ھەر دەرىجىلىك خەلق قۇرۇلتايلىرى ۋە ئۇلارنىڭ دائىمىي كومىتېتلىرى يەرلىك خەلق قۇرۇلتىيى قۇرۇلغان 20 يىلدىن بۇيانقى قىممەتلىك تەجرىبىلەرنى ئەستايىدىل يەكۈنلەپ، خەلق قۇرۇلتىيى خىزمىتىدە يېڭى ۋەزىيەت يارىتىپ، شانلىق نەتىجىلىرى ئارقىلىق يېڭى ئەسىرنى كۈتۈۋېلىشى كېرەك.

ئۆتكەن 20 يىلدا پۈتۈن شىنجاڭدىكى خەلق قۇرۇلتىيى سىستېمىسى باشتىن ئاخىر پارتىيە رەھبەرلىكىدە چىڭ تۇرۇپ ۋە ئۇنىڭغا تايىنىپ، دېڭ شياۋپىڭ نەزەرىيىسى ۋە پارتىيىنىڭ «بىر مەركەز، ئىككى ئاساسىي نۇقتا» دىن ئىبارەت ئاساسىي لۇشيەنىنى يېتەكچى قىلىشتا چىڭ تۇرۇپ، ئىسلاھات، تەرەققىيات ۋە مۇقىملىقنى كاپالەتلەندۈرۈشنى مۇھىم بۇرچ قىلىپ، سوتسىيالىستىك دېموكراتىيە ۋە قانۇنچىلىق قۇرۇلۇشىنى كۈچەيتىشنى تۈپ ۋەزىپە قىلىپ، ئاساسىي قانۇن، قانۇنلاردا بېرىلگەن يەرلىك قانۇن چىقىرىش ھوقۇقى، ھۆكۈمەت، ئىككى مەھكىمىنىڭ خىزمىتىنى نازارەت قىلىش ھوقۇقى، چوڭ ـ چوڭ ئىشلارنى قارار قىلىش ۋە كادىرلارنى تەيىنلەش ـ قالدۇرۇش قاتارلىق ھوقۇقلىرىنى ئەستايىدىل يۈرگۈزۈپ، ھەر مىللەت خەلقىنىڭ ئىرادىسىگە ساداقەتمەنلىك بىلەن ۋەكىللىك قىلىپ، دەۋرنىڭ تەلىپىنى توغرا ئەكس ئەتتۈرۈپ، پائال ئىزدىنىپ، تىرىشىپ ئەمەلىيەتتىن ئۆتكۈزۈپ، ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ ئىسلاھات، ئېچىۋېتىش ئىشلىرى ۋە ئىقتىسادىي تەرەققىياتىنى ئىلگىرى سۈرۈش، ئىجتىمائىي، سىياسىي مۇقىملىقنى قوغداش ئۈچۈن پائال تۆھپە قوشۇپ، يەرلىك دۆلەت ھاكىمىيەت ئورگىنىغا خاس مۇھىم رول ئوينىدى.

پارتىيە 15 ـ قۇرۇلتىيىنىڭ ئورۇنلاشتۇرۇشى بويىچە، جۇڭگوچە سوتسىيالىزم قۇرۇش ئۇلۇغ ئىشى يېڭى تەرەققىيات باسقۇچىغا قەدەم قويدى. يېڭى بىر يىلدا، يەرلىك ھەر دەرىجىلىك خەلق قۇرۇلتايلىرى ۋە ئۇلارنىڭ دائىمىي كومىتېتلىرى دۆلەتنى قانۇن بويىچە ئىدارە قىلىش، قانۇن بىلەن ئىدارە قىلىنىدىغان سوتسىيالىستىك دۆلەت قۇرۇش داۋامىدا زور مەسئۇلىيەت ۋە شەرەپلىك ۋەزىپىنى ئۈستىگە ئالغان. پۈتۈن شىنجاڭدىكى خەلق قۇرۇلتىيى سىستېمىسى دەۋرنىڭ ئېھتىياجىغا ۋە خەلقنىڭ تەلىپىگە ئۇيغۇنلىشىپ، دۆلەتنى قانۇن بويىچە ئىدارە قىلىش فاڭجېنىنى ئەستايىدىل ئىزچىللاشتۇرۇپ، تۈرلۈك خىزمەت ھوقۇقلىرىنى ھەقىقىي يۈرگۈزۈپ، خىزمەتلەرنى ئىجادىي يوسۇندا قانات يايدۇرۇشى كېرەك. ئاجايىپ ئۈنۈملۈك خىزمەت نەتىجىلىرى ئارقىلىق، ئاپتونوم رايوننى قانۇن بويىچە ئىدارە قىلىش قەدىمىنى زور كۈچ بىلەن ئىلگىرى سۈرۈپ، ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ ئۇلۇغۋار تەرەققىيات نىشانىنىڭ ئوڭۇشلۇق ئىشقا ئېشىشىنى كاپالەتلەندۈرۈشى ۋە ئىلگىرى سۈرۈشى كېرەك.

يېڭى ۋەزىيەت يەرلىك خەلق قۇرۇلتايلىرىغا تېخىمۇ ئېغىر ۋەزىپىلەرنى يۈكلىمەكتە، پۈتۈن شىنجاڭدىكى ھەر دەرىجىلىك خەلق قۇرۇلتايلىرى تۈرلۈك خىزمەت ھوقۇقلىرىنى قانۇن بويىچە يۈرگۈزۈش داۋامىدا، مۇھىم نۇقتىنى گەۋدىلەندۈرۈپ، سۈپىتىنى ئۆستۈرۈپ، ئۈنۈمگە ئەھمىيەت بېرىشى كېرەك. بولۇپمۇ قانۇن چىقىرىش ۋە نازارەت قىلىش خىزمىتىدە تىرىشىپ بۆسۈش ھاسىل قىلىشى لازىم. يەرلىك قانۇن چىقىرىش جەھەتتە، پارتىيە 15 ـ قۇرۇلتىيىدا ئوتتۇرىغا قويۇلغان 2010 ـ يىلغىچە جۇڭگوچە سوتسىيالىستىك قانۇن سىستېمىسىنى بەرپا قىلىش تەلىپى بويىچە، قانۇن چىقىرىش تۈزۈلمىسىنى مۇكەممەللەشتۈرۈپ، قانۇن چىقىرىش تەرتىپىنى ياخشىلاپ، قانۇن چىقىرىش تېخنىكىسىنى ئۆستۈرۈپ، دۆلەتنىڭ قانۇن چىقىرىش قەدىمى ۋە ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ ئەمەلىي ئېھتىياجىغا بىرلەشتۈرۈپ، دۆلەتنىڭ ئومۇمىي مەنپەئەتى ۋە ھەر مىللەت خەلقىنىڭ تۈپ مەنپەئەتىنى ئاساس قىلىپ، قانۇن چىقىرىش تەدبىرى بىلەن ئىسلاھات تەدبىرى، تەرەققىيات تەدبىرىنى ئۆزئارا بىرلەشتۈرۈش پرىنسىپىدا چىڭ تۇرۇپ، ئالدىن مۇھاكىمە قىلىش ۋە ئالدىن قانۇن چىقىرىشقا ئەھمىيەت بېرىش ھەمدە يەرلىك نىزاملارنى ۋاقتىدا ئېنىقلاش، تۈزىتىش خىزمىتىنى ياخشى ئىشلەش كېرەك؛ نازارەتچىلىك خىزمىتىدە مۇھىم نۇقتىنى ئاساسىي قانۇن ۋە قانۇنلارنىڭ يولغا قويۇلۇشىغا بولغان نازارەتچىلىكنى ياخشىلاش ۋە كۈچەيتىشكە قارىتىش، مەمۇرىي ئورگانلار، سوت، تەپتىش ئورگانلىرىنىڭ خىزمىتىگە بولغان نازارەتچىلىكنى ياخشىلاش ۋە كۈچەيتىش، دۆلەت ئورگىنى خىزمەتچىلىرىنى نازارەت قىلىشنى ياخشىلاش ۋە كۈچەيتىش كېرەك. يېڭى ئەسىر بىلەن كونا ئەسىر ئالمىشىدىغان 2000 ـ يىلى شىنجاڭ تېز تەرەققىي قىلىدىغان ياخشى پۇرسەتكە دۇچ كېلىدۇ. شۇنىڭ بىلەن بىرگە، ھەر مىللەت خەلقى راسا كارامەت كۆرسىتىدىغان تارىخىي دەۋر بولىدۇ. پۈتۈن شىنجاڭدىكى ھەر دەرىجىلىك خەلق قۇرۇلتايلىرى ۋە ئۇلارنىڭ دائىمىي كومىتېتلىرى يۈنىلىشتە چىڭ تۇرۇپ، بىردەك ئىتتىپاقلىشىپ، تىرىشىپ يول ئېچىپ، خىزمەتلەرنى پۇختا ئىشلەيدىغانلا بولسا، خەلق قۇرۇلتىيى خىزمىتى ۋە قۇرۇلۇشىدا چوقۇم يېڭى سەھىپە يارىتىپ، جۇڭگوچە سوتسىيالىستىك سىياسىي بەرپا قىلىش ۋە ئاپتونوم رايونىمىزنى قانۇن بويىچە ئىدارە قىلىش قەدىمىنى تېزلىتىش يولىدا چوقۇم تېخىمۇ زور رول ئوينىيالايدۇ.

# شىنجاڭ خەلق قۇرۇلتىيى

# 新疆人大

(ئايلىق ژۇرنال) (月刊)

1999 - يىل 12 - سان

(ئومۇمىي 201 - سان) (19 - يىل نەشرى)

«شىنجاڭ خەلق قۇرۇلتىيى» ژۇرنىلى ئىدارىسى نەشر قىلدى

ئىدارە باشلىقى: ئەنۋەر غۇلام

باش مۇھەررىر: لەن شۈيى

«شىنجاڭ خەلق قۇرۇلتىيى» ژۇرنىلى ئۇيغۇر تەھرىر بۆلۈمى تۈزدى

باش تۈزگۈچى: سەمەت دۇگايلى

مۇئاۋىن باش تۈزگۈچى: سىراجىدىن ئىسمايىل



**ئوبزور**

يېڭى ۋەزىيەت يارىتىپ، يېڭى ئەسىرنى كۈتۈۋالايلى ---------------------------------------- ژۇرنىلىمىز تەھرىر بۆلۈمى (1)

**يەرلىك نىزام**

شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونىنىڭ دېلوغا چېتىشلىق بۇيۇملارغا باھا قويۇشنى باشقۇرۇش نىزامى ---------------------------------------- (4)

شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونىنىڭ يېزا كوللېكتىپ ئىقتىسادىنى تەپتىش قىلىش نىزامى ---------- (8)

**خىزمەت تەتقىقاتى**

يەرلىك خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتلىرى «چوڭ - چوڭ ئىشلارنى قارار قىلىش» ھوقۇقىنى يۈرگۈزۈشتە بىر قانچە ھالقىنى ئوبدان تۇتۇش كېرەك -------------- خواڭ چىچاڭ (12)

خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتىنىڭ ئايرىم دېلولارنى نازارەت قىلىشى توغرىسىدا ------ ئەركىن روزى (13)

**قانۇن تەتقىقاتى**

ئورمان قانۇنىنى مۇھاپىزەت قىلىش ۋە تەرەققىي قىلدۇرۇشنى تېخىمۇ كۈچلۈك قانۇنىي كاپالەتكە ئىگە قىلايلى ------------------------ ۋاڭ خۇڭجي (14)

**جەمئىيەت ۋە كۆزىتىش**

كادىرلارغا باھا بېرىشتە ئۇسۇلغا دىققەت قىلىش كېرەك ------ يالقۇن ياقۇپ (20)

چىرىكلىككە قارشى كۈرەشنى يۇقىرى ئەۋجگە كۆتۈرۈپ، دۆلەتنى قانۇن بويىچە ئىدارە قىلايلى ---------------------------------------- مەمتىمىن ئابلىز (22)

نوپۇسنىڭ تېز كۆپىيىپ كېتىشى كەلتۈرۈپ چىقىرىۋاتقان ئىجتىمائىي مەسىلىلەر ۋە ئۇنى ھەل قىلىشنىڭ ئۇسۇللىرى توغرىسىدا رەھىم يۈسۈپ (25)

بۇ ژۇرنال ئۇيغۇرچە ، خەنزۇچە ، قازاقچە
نەشر قىلىنىدۇ
ھەر ئاينىڭ 5 – كۈنى نەشردىن چىقىدۇ
جايلاردىكى پوچتىخانىلار مۇشتەرى قوبۇل قىلىدۇ
ئۈرۈمچى شەھەرلىك پوچتا ئىدارىسى تارقىتىدۇ
تېكىستى: ئۈرۈمچى تۆمۈريول ئىدارىسى باسما زاۋۇتىدا بېسىلدى
مۇقاۋىسى: شىنجاڭ تاشقى سودا ئوراش – قاچىلاش زاۋۇتى رەڭلىك
سۈرەت بېسىش ئورنىدا بېسىلدى
مەملىكەت ئىچىدىكى بىر تۇتاش نومۇرى CN 65 – 1033 / D-W
پوچتا ۋاكالەت نومۇرى: 34 – 58
پوچتا نومۇرى: 830002
ئادرېسىمىز: ئۈرۈمچى شەھىرى شىمالىي دوستلۇق يولى 45 – قورۇ
تېلېفون 4828065 ئارقىلىق 61203، 61208

**خەلق قورۇلتىيى سېپىدە** ۋەكىللەر خىزمىتىنى ياخشى ئىشلەپ، خەلق قورۇلتىيى خىزمىتىدە يېڭى ۋەزىيەت يارىتىش ---------------------- ئىدرىس قادىر (30)

**تارىختىن سۆز** قەدىمكى تورپاننىڭ ياغاچ ئويمىچىلىق مەدەنىيىتى ---------------------- ئېزىز ئاتاۋۇللا سارتېكىن (36)

**قانۇندىن ساۋات** ئىجرانى توختىتىپ قويۇش توغرىسىدا ---------------------- مىرھابا تۇرسۇن (38)

**باشلامچىلار** تېگىشىرىق كەنتىنىڭ ياخشى باشلامچىسى ---------------------- ساۋۇت تۇردى (39)

**خەۋەرلەر** ئاقسۇ شەھىرىدە «119» ئوت ئۆچۈرۈش مانېۋىرى ئۆتكۈزۈلدى قاتارلىق 11 پارچە قىسقا خەۋەر ---------------------- (41)

**تەرمىلەر** لىن بياۋ، جياڭ چىڭ ئەكسىلئىنقىلابىي گۇرۇھى دېلوسىنىڭ سوت قىلىنىشى ---------------------- (49)

**ئەتىرگۈل** ئىككى شېئىر ---------------------- ۋارىسجان ئاتىخان (تاجىك) (51)

**ئومۇمىي مۇندەرىجە** ژۇرنىلىمىزنىڭ 1999 – يىللىق ئومۇمىي مۇندەرىجىسى ---------------------- (52)

# شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونىنىڭ دېلوغا چېتىشلىق بۇيۇملارغا باھا قويۇشنى باشقۇرۇش نىزامى

(1999 - يىل 7 - ئاينىڭ 30 - كۈنى شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق 9 - نۆۋەتلىك خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتىنىڭ 10 - يىغىنىدا ماقۇللاندى)

**شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتىنىڭ ئېلانى**

**(9 — 15 - نومۇرلۇق)**

«شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونىنىڭ دېلوغا چېتىشلىق بۇيۇملارغا باھا قويۇشنى باشقۇرۇش نىزامى» 1999 - يىل 7 - ئاينىڭ 30 - كۈنى شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق 9 - نۆۋەتلىك خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتىنىڭ 10 - يىغىنىدا ماقۇللىنىپ ئېلان قىلىندى. 1999 - يىل 10 - ئاينىڭ 1 - كۈنىدىن باشلاپ يولغا قويۇلىدۇ.

**شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق 9 - نۆۋەتلىك خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتى**

**1999 - يىل 7 - ئاينىڭ 30 - كۈنى**

## 1 - باب ئومۇمىي پرىنسىپ

**1 - ماددا** بۇ نىزام دېلوغا چېتىشلىق بۇيۇملارغا باھا قويۇش ھەرىكىتىنى قېلىپلاشتۇرۇش، ئەدلىيە ۋە مەمۇرىي قانۇن ئىجرا قىلىش پائالىيىتىنىڭ نورمال ئېلىپ بېرىلىشىغا كاپالەتلىك قىلىش، دۆلەتنىڭ، يۇقىرىلارنىڭ، قانۇنىي ئىگىلەرنىڭ ۋە باشقا تەشكىلاتلارنىڭ قانۇنىي ھوقۇق - مەنپەئىتىنى قوغداش مەقسىتىدە، دۆلەتنىڭ ئالاقىدار قانۇن نىزاملىرىغا ئاساسەن، ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ ئەمەلىيىتىگە بىرلەشتۈرۈپ تۈزۈلدى.

**2 - ماددا** بۇ نىزام ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ مەمۇرىي تەۋەسىدە دېلوغا چېتىشلىق بۇيۇملارغا باھا قويۇشنى باشقۇرۇش ۋە باھا قويۇش كەسپىگە تەتبىقلىنىدۇ.

**3 - ماددا** بۇ نىزامدا ئېيتىلغان دېلوغا چېتىشلىق بۇيۇملار ئەدلىيە ئورگانلىرى، قانۇن ئىجرا قىلغۇچى مەمۇرىي ئورگانلار ۋە كېسىم ئاپپاراتلىرى جىنايى ئىشلار دېلوسى، مەمۇرىي دېلو، ھەق تەلەپ دېلوسى، ئىقتىسادىي دېلو قاتارلىق تۈرلۈك دېلولارنى بىر تەرەپ قىلىش جەريانىدا بېكىتكەن بۇيۇملار... جەرگەندە چېتىلىدىغان بۇيۇملارنى كۆرسىتىدۇ.

دېلوغا چېتىلىدىغان باھاسى تالاش - تارتىشتا قالغان ياكى ئېنىق بولمىغان مۈلازىمەت ۋە شەكىلسىز مۈلۈككە باھا قويۇشتا بۇ نىزام تەتبىقلىنىدۇ.

**4 - ماددا** دېلوغا چېتىشلىق تۆۋەندىكى بۇيۇملارغا باھا قويۇش ئاپپاراتى باھا قويىدۇ:

(1) باھاسى ئېنىق بولمىغان ياكى باھاسىنى بېكىتىش تەس بولغان بۇيۇملار؛

(2) باھاسىنى بېكىتىشتە تالاش - تارتىش بولغان بۇيۇملار؛

(3) كونىرىغان بۇزۇلغان ياكى ئىشلىتىلگەن بۇيۇملار؛

(4) سېتىۋېلىنىدىغان بۇيۇملار؛

(5) قانۇن نىزاملاردىكى بەلگىلىمە بويىچە باھا قويۇشقا تېگىشلىك باشقا بۇيۇملار.

ئەدلىيە ئورگانلىرى قانۇن ئىجرا قىلغۇچى مەمۇرىي ئورگانلار ۋە كېسىم ئاپپاراتلىرى (تۆۋەندە ھاۋالە قىلغۇچى ئورگان دېيىلىدۇ) دېلوغا چېتىشلىق يۇقىرىقى

دائىرىدىكى بۇيۇملارغا باھا قويۇشنى باھا قويۇش ئاپپاراتىغا ۋاقتىدا ھاۋالە قىلىشى شەرت.

5 - ماددا دېلوغا چېتىشلىق بۇيۇملارغا باھا قويۇشتا قانۇنلۇق، ئوبيېكتىپ، ئادىل، ئىلمىي بولۇش پرىنسىپىغا ئەمەل قىلىش لازىم.

6 - ماددا ناھىيە دەرىجىلىكتىن يۇقىرى خەلق ھۆكۈمەتلىرىنىڭ باھا مەمۇرىي مەسئۇل تارمىقى دېلوغا چېتىشلىق بۇيۇملارغا باھا قويۇشنى باشقۇرىدىغان تارماق بولۇپ، دېلوغا چېتىشلىق بۇيۇملارغا باھا قويۇشنى نازارەت قىلىپ باشقۇرۇشقا مەسئۇل بولىدۇ. ئۇ تەسىس قىلغان باھا قويۇش ئاپپاراتى دېلوغا چېتىشلىق بۇيۇملارغا باھا قويۇش خىزمىتىگە كونكرېت مەسئۇل بولىدۇ.

## 2 - باب باھا قويۇش ئاپپاراتى ۋە خادىملىرى

7 - ماددا ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ مەمۇرىي تەۋەسىدە تەسىس قىلىنغان دېلوغا چېتىشلىق بۇيۇملارغا باھا قويۇش كەسپى بىلەن شۇغۇللىنىدىغان ئاپپاراتلار ئاپتونوم رايونلۇق باھا مەمۇرىي مەسئۇل تارمىقىدىن «دېلوغا چېتىشلىق بۇيۇملارغا باھا قويۇش سالاھىيەتنامىسى» ئېلىشى شەرت.

8 - ماددا دېلوغا چېتىشلىق بۇيۇملارغا باھا قويغۇچىلار ئاپتونوم رايونلۇق باھا مەمۇرىي مەسئۇل تارمىقىنىڭ بىر تۇتاش ئىمتىھانىدىن ئۆتۈپ «باھا قويغۇچىلار سالاھىيەتنامىسى» ئېلىپ، دېلوغا چېتىشلىق بۇيۇملارغا باھا قويۇش خىزمىتىنى ئىشلىسە بولىدۇ.

9 - ماددا «دېلوغا چېتىشلىق بۇيۇملارغا باھا قويۇش سالاھىيەتنامىسى»، «باھا قويغۇچىلار سالاھىيەتنامىسى»، «باھا قويۇش پەكۈنى» ۋە «قويۇلغان باھانى قايتا تەكشۈرۈش پەكۈنى» نى ئاپتونوم رايونلۇق باھا مەمۇرىي مەسئۇل تارمىقى بىر تۇتاش باستۇرۇپ تارقىتىدۇ.

10 - ماددا باھا قويغۇچىلار تۆۋەندىكى ئەھۋاللارنىڭ بىرىدە چەتلەپ تۇرۇشى لازىم:

(1) شۇ دېلودىكى دەۋالاشقۇچى ياكى دەۋالاشقۇچىنىڭ يېقىن تۇغقىنى بولسا؛

(2) شۇ دېلو بىلەن مەنپەئەت مۇناسىۋىتى بولسا؛

(3) شۇ دېلودىكى دەۋالاشقۇچى بىلەن باشقا مۇناسىۋىتى بولۇپ، ئادىل باھا قويۇشقا تەسىر يېتىش ئېھتىمالى بولسا.

باھا قويغۇچىلارنىڭ چەتلەپ تۇرۇشىنى باھا قويۇش ئاپپاراتىنىڭ مەسئۇلى بېكىتىدۇ؛ باھا قويۇش ئاپپاراتى مەسئۇلىنىڭ چەتلەپ تۇرۇشىنى شۇ ئاپپاراتنىڭ مەسئۇل تارمىقى بېكىتىدۇ.

## 3 - باب باھا قويۇش تەرتىپى

11 - ماددا ئەدلىيە ئورگانلىرى، قانۇن ئىجرا قىلغۇچى مەمۇرىي ئورگانلار، كېسىم ئاپپاراتلىرى ۋە دېلودىكى دەۋالاشقۇچىلار (تۆۋەندە ھاۋالە قىلغۇچى دېيىلىدۇ) باھا قويۇلىدىغان دېلوغا چېتىشلىق بۇيۇملارغا باھا قويۇشنى دېلونى قاراپ چىقىش جەريانىدا ياكى دېلوغا چېتىشلىق بۇيۇملارنى سېتىۋېتىش، كەم ئارتۇق قىلىپ سېتىشتىن بۇرۇن باھا قويۇش ئاپپاراتىغا ھاۋالە قىلىشى لازىم، قانۇندا ئايرىم بەلگىلەنگەنلىرى بۇنىڭ سىرتىدا.

12 - ماددا ھاۋالە قىلغۇچى ئورگان ياكى ھاۋالە قىلغۇچى باھا قويۇشنى ھاۋالە قىلىشتا، ئالاقىدار ئەھۋال ۋە ماتېرىياللار بىلەن ئىنەن تەمىن ئېتىشى ھەمدە «باھا قويۇش ھاۋالىنامىسى» بېرىشى كېرەك. باھا قويۇش ھاۋالىنامىسىدە تۆۋەندىكى مەزمۇنلار ئېنىق يېزىلىشى لازىم:

(1) باھا قويۇشتىكى مەقسەت ۋە تەلەپ؛

(2) باھا قويۇش دائىرىسى ۋە ئۆلچەم كۈنى؛

(3) دېلوغا چېتىشلىق بۇيۇملارنىڭ نامى، ئۆلچىمى، تىپى، مىقدارى، مەنبەسى، سېتىۋېلىنغان ۋاقتى، ئىشلىتىلگەن ۋاقتى، يېڭى - كونىلىقى، سىپ-

تىۋىلىش باھاسى قاتارلىقلار ؛

(4) باشقا ئالاقىدار ئەھۋال ۋە ماتېرىياللار .

باھا قويۇش ھاۋالىنامىسىگە ھاۋالە قىلغۇچى ئورگان تامغا بېسىشى ياكى ھاۋالە قىلغۇچى ئىمزا قويۇشى كېرەك.

13 – ماددا دېلوغا چېتىشلىق بۇيۇملارغا باھا قويۇش كەسپىنى دېلونى بېجىرگۈچى ئورۇن تۇرۇشلۇق جايدىكى باھا قويۇش ئاپپاراتى ياكى ئاپتونوم رايونلۇق باھا مەمۇرىي مەسئۇل تارمىقى تەسىس قىلغان باھا قويۇش ئاپپاراتى ئۈستىگە ئالىدۇ.

دېلوغا چېتىشلىق بىر بۇيۇمغا كۆپ تەرەپكە ھاۋالە قىلىپ تەكرار باھا قويغۇزۇشقا بولمايدۇ.

14 – ماددا باھا قويۇش ئاپپاراتى ھاۋالىنى قوبۇل قىلغاندىن كېيىن باھا قويغۇچىلاردىن ئىككىدىن ئارتۇق ئادەمنى باھا قويۇشقا بەلگىلىشى لازىم. ئەھۋالى مۇرەككەپ ياكى باھا قويۇش تەس بولغانلىرىغا ئالاقىدار تارماق ياكى مۇناسىۋەتلىك كەسپىي خادىملارنى قاتناشتۇرۇشى كېرەك.

15 – ماددا باھا قويۇش ئاپپاراتى «باھا قويۇش ھاۋالىنامىسى»نى تاپشۇرۇۋالغاندىن كېيىن 7 كۈن ئىچىدە كۆپ بولغاندا 15 كۈن ئىچىدە «باھا قويۇش يەكۈنى» چىقىرىشى لازىم، ھاۋالە قىلغۇچى بىلەن ھاۋالە قىلىنغۇچى ئايرىم پۈتۈشكەنلىرى بۇنىڭ سىرتىدا.

باھا قويۇش ئاپپاراتىنىڭ «باھا قويۇش يەكۈنى»گە باھا قويغۇچىلار ۋە باھا قويۇش ئاپپاراتىنىڭ مەسئۇلى ئىمزا قويۇشى ھەمدە باھا قويۇش ئاپپاراتىنىڭ تامغىسى بېسىلىشى شەرت.

16 – ماددا ھاۋالە قىلغۇچى ئورگان ياكى ھاۋالە قىلغۇچى «باھا قويۇش يەكۈنى» گە باشقىچە پىكىردە بولسا، «باھا قويۇش يەكۈنى» نى تاپشۇرۇۋالغاندىن كېيىن 10 كۈن ئىچىدە باھا قويۇش يەكۈنى چىقارغان باھا قويۇش ئاپپاراتىدىن بىر دەرىجە يۇقىرى باھا مەمۇرىي مەسئۇل تارمىقى تەسىس قىلغان باھا قويۇش ئاپپاراتىغا قايتا تەكشۈرۈشنى ئىلتىماس قىلسا بولىدۇ.

بىر دەرىجە يۇقىرى باھا مەمۇرىي مەسئۇل تارمىقى تەسىس قىلغان باھا قويۇش ئاپپاراتى قايتا تەكشۈرۈش ئىلتىماسىنى تاپشۇرۇۋالغاندىن كېيىن، 15 كۈن ئىچىدە قايتا تەكشۈرۈش يەكۈنى چىقىرىشى ھەمدە «قويۇلغان باھانى قايتا تەكشۈرۈش يەكۈنى» چىقىرىشى لازىم. ھاۋالە قىلغۇچى ئورگان ياكى ھاۋالە قىلغۇچى قايتا تەكشۈرۈش يەكۈنىگە يەنىلا باشقىچە پىكىردە بولسا، قايتا تەكشۈرۈشنى ئاپتونوم رايونلۇق باھا دەلىللەش ئاپپاراتىغا بىۋاسىتە ئوتتۇرىغا قويسا بولىدۇ، ئاپتونوم رايونلۇق باھا دەلىللەش ئاپپاراتى قايتا تەكشۈرۈپ چىقارغان يەكۈن ئاخىرقى يەكۈن بولىدۇ.

## 4 – باب باھا قويۇش ئۇسۇلى

17 – ماددا باھا قويۇش ئاپپاراتى دېلوغا چېتىشلىق بۇيۇملارغا باھا ئۆلچەم كۈنىدىكى، شۇ جايدىكى شۇ خىل بۇيۇملارنىڭ باھاسى، سۈپەت ئەھۋالى ۋە يېڭى – كونىلىقىغا قاراپ باھا قويۇشى لازىم.

18 – ماددا ئوبوروت ساھەسىدىكى دېلوغا چېتىشلىق بۇيۇملاردىن ھۆكۈمەت بېكىتمە باھاسى دائىرىسىدىكىلىرىنىڭ باھاسى ھۆكۈمەت بېكىتمە باھاسى بويىچە ھېسابلىنىدۇ ؛ ھۆكۈمەت يېتەكچى باھاسى دائىرىسىدىكىلىرىنىڭ باھاسى ھۆكۈمەت يېتەكچى باھاسىنىڭ ئۆلچەم باھاسى بويىچە ھېسابلىنىدۇ ؛ بازار تەڭشىمە باھاسى دائىرىسىدىكىلىرىنىڭ باھاسى ئوتتۇراھال بازار باھاسى بويىچە ھېسابلىنىدۇ.

19 – ماددا ئىشلەپچىقىرىش ساھەسىدىكى دېلوغا چېتىشلىق بۇيۇملارنىڭ باھاسى پۈتۈش دەرىجىسى ۋە تەننەرخىگە قاراپ سۈندۈرۈپ ھېسابلىنىدۇ.

20 – ماددا دېلوغا چېتىشلىق بۇيۇملاردىن ئىشلىتىلگەن ياكى كونىرىغانلىرىنىڭ باھاسى يېڭىلىق نىسبىتى، ھازىرقى ئىستېمال قىممىتى ياكى قالدۇق

قىممىتى بويىچە سۇندۇرۇپ ھېسابلىنىدۇ.

21 ـ ماددا يىغىۋالغىلى بولمايدىغان دېلوغا چېتىشلىق بۇيۇملارنىڭ باھاسى ھاۋالە قىلغۇچى ئورگان ياكى ھاۋالە قىلغۇچىنىڭ كۆچكە ئىگە ئىسپاتىغا ئاساسەن، بۇيۇمنىڭ ئەسلى ھالىتىگە قاراپ، مۇشۇ بابتىكى ئالاقىدار بەلگىلىمىلەردىن پايدىلىنىپ ھېسابلىنىدۇ.

22 ـ ماددا قانۇن بويىچە سېتىۋېتىلىدىغان، قەرزگە ئۆتال قىلىنغان دېلوغا چېتىشلىق بۇيۇملارغا قىممىتىنى تېزرەك رېئاللاشتۇرۇشقا پايدىلىق بولۇش پرىنسىپىغا ئاساسەن، نەقلەشتۈرۈش باھاسى بويىچە باھا قويۇلسا بولىدۇ.

23 ـ ماددا مەدەنىيەت يادىكارلىقى، ئالتۇن ـ كۈمۈش زىننەت بۇيۇملىرى، ئۈنچە ـ مەرۋايىت ئاكسىيە ۋە چېگرىدىن كىرگۈزۈلگەن بۇيۇملارغا دۆلەتنىڭ ئالاقىدار بەلگىلىمىلىرى بويىچە باھا قويۇلىدۇ.

## 5 ـ باب قانۇن جاۋابكارلىقى

24 ـ ماددا ھاۋالە قىلغۇچى ئورگان مۇشۇ نىزامدىكى بەلگىلىمىگە خىلاپلىق قىلىپ، دېلوغا چېتىشلىق بۇيۇملارنى باھا قويۇش ئاپپاراتىنىڭ باھا قويۇشىغا ھاۋالە قىلمايلا ئۆز ئالدىغا بىر تەرەپ قىلغان ياكى يالغان ئەھۋال ۋە ماتېرىيال بىلەن تەمىن ئەتكەن بولسا، ئۇنىڭ باھا يەكۈنىنى دېلو بېكىتىشنىڭ ئاساسى قىلىشقا بولمايدۇ ھەمدە ئۇنىڭ يۇقىرى دەرىجىلىك ئورگىنى ياكى ئالاقىدار تارماق مەسئۇل خادىمغا ۋە بىۋاسىتە جاۋابكارغا مەمۇرىي چارە كۆرىدۇ؛ جىنايەت شەكىللەندۈرگەنلىرى قانۇن بويىچە جىنايى جاۋابكارلىققا تارتىلىدۇ.

25 ـ ماددا باھا قويۇش ئاپپاراتى مۇشۇ نىزامدىكى بەلگىلىمىگە خىلاپلىق قىلىپ، بەلگىلەنگەن باھا قويۇش تەرتىپى ۋە ئۇسۇلى بويىچە باھا قويمىغان بولسا، ئاپتونوم رايونلۇق باھا مەمۇرىي مەسئۇل تارمىقى ئۇنىڭ باھا قويۇش يەكۈنىنى ئىناۋەتسىز قىلىۋېتىدۇ ھەمدە ئەھۋالنىڭ ئېغىر ـ يېنىكلىكىگە قاراپ ئاگاھلاندۇرۇش جازاسى بېرىدۇ، ئىشنى توختىتىپ تەرتىپكە سېلىشقا بۇيرۇيدۇ، ئەھۋال پەۋقۇلئاددە ئېغىر بولسا، ئاپتونوم رايونلۇق باھا مەمۇرىي مەسئۇل تارمىقى ئۇنىڭ «دېلوغا چېتىشلىق بۇيۇملارغا باھا قويۇش سالاھىيەتنامىسى» نى بىكار قىلىدۇ؛ دېلوغا چېتىشلىق بۇيۇمغا ئالاقىدارلارغا زىيان سالغان بولسا تۆلەم بېرىشى كېرەك.

26 ـ ماددا باھا قويغۇچىلاردىن مۇشۇ نىزامدىكى بەلگىلىمىگە خىلاپلىق قىلىپ، تۆۋەندىكى قىلمىشلارنىڭ بىرىنى سادىر قىلغانلىرىغا باھا مەمۇرىي مەسئۇل تارمىقى مەمۇرىي چارە كۆرىدۇ؛ قىلمىشى ئېغىرلىرىنىڭ «باھا قويغۇچىلار سالاھىيەتنامىسى» نى بىكار قىلسا بولىدۇ؛ جىنايەت شەكىللەندۈرگەنلىرى قانۇن بويىچە جىنايى جاۋابكارلىققا تارتىلىدۇ:

(1) خىزمەتتە مەسئۇلىيەتسىزلىك قىلىپ، باھا قويۇش يەكۈنىنىڭ چىنلىقىنى يوقىتىپ قويۇشقا سەۋەبچى بولغان ياكى باھا قويۇش ۋاقتىنى خالىغانچە كېچىكتۈرۈپ، ھاۋالە قىلغۇچى ئورگاننىڭ دېلو بېجىرىشىگە ئېغىر تەسىر يەتكۈزگەنلەر؛

(2) ھاۋالە قىلغۇچى ئورگان ياكى ئالاقىدارلار بىلەن يامان غەرەزدە تىل بىرىكتۈرۈۋېلىپ، ساختا باھالاش يەكۈنى چىقارغانلار؛

(3) دېلوغا چېتىشلىق بۇيۇمنىڭ باھاسىغا ئائىت ماتېرىيال ياكى سانلىق مەلۇماتنى ئاشكارىلاپ قويۇپ، ئادىل باھا قويۇشقا تەسىر يەتكۈزگەنلەر؛

(4) نەپسانىيەتچىلىك ساختىپەزلىك قىلىپ، خىزمەتتە بىپەرۋالىق قىلىپ باھا قويۇش يەكۈنىنىڭ چىنلىقىنى يوقىتىپ قويىدىغان باشقا قىلمىشلارنى سادىر قىلغانلار.

## 6 ـ باب قوشۇمچە پرىنسىپ

27 ـ ماددا ئىگىسىز بۇيۇملارغا باھا قويۇشتا مۇشۇ نىزامدىن پايدىلىنىلىدۇ.

28 ـ ماددا دېلوغا چېتىشلىق بۇيۇملارغا باھا قويۇش ھەققى ئېلىش چارىسى ۋە ھەق ئۆلچىمىدە دۆلەت ۋە ئاپتونوم رايوننىڭ ئالاقىدار بەلگىلىمىلىرى ئىجرا قىلىنىدۇ.

29 ـ ماددا بۇ نىزام 1999 ـ يىل 10 ـ ئاينىڭ 1 ـ كۈنىدىن باشلاپ يولغا قويۇلىدۇ.

# شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونىنىڭ يېزا كوللېكتىپ ئىقتىسادىنى تەپتىش قىلىش نىزامى

(1999 ـ يىل 9 ـ ئاينىڭ 24 ـ كۈنى شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق 9 ـ نۆۋەتلىك خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتىنىڭ 11 ـ يىغىنىدا ماقۇللاندى)

## شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتىنىڭ ئېلانى

(9 ـــ 16 ـ نومۇرلۇق)

«شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونىنىڭ يېزا كوللېكتىپ ئىقتىسادىنى تەپتىش قىلىش نىزامى» 1999 ـ يىل 9 ـ ئاينىڭ 24 ـ كۈنى شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق 9 ـ نۆۋەتلىك خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتىنىڭ 11 ـ يىغىنىدا ماقۇللىنىپ ئېلان قىلىندى. 1999 ـ يىل 12 ـ ئاينىڭ 1 ـ كۈنىدىن باشلاپ يولغا قويۇلىدۇ.

شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق 9 ـ نۆۋەتلىك خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتى

1999 ـ يىل 9 ـ ئاينىڭ 24 ـ كۈنى

## 1 ـ باب ئومۇمىي پرىنسىپ

**1 ـ ماددا** بۇ نىزام يېزا كوللېكتىپ ئىقتىسادىي پائالىيىتىنى تەپتىش ـ نازارەت قىلىشنى كۈچەيتىش، يېزا كوللېكتىپ ئىقتىسادىي تەشكىلاتلىرىنىڭ مالىيە ۋە مۈلۈك باشقۇرۇشىنى چىڭىتىش، كوللېكتىپ ئىقتىسادىي تەشكىلاتلار ۋە دېھقان ـ چارۋىچىلارنىڭ قانۇنىي ھوقۇق ـ مەنپەئىتىنى قوغداش، يېزىلارنىڭ ئىقتىسادىي تەرەققىياتى ۋە ئىجتىمائىي مۇقىملىقىنى ئىلگىرى سۈرۈش مەقسىتىدە، دۆلەتنىڭ ئالاقىدار قانۇن، نىزاملىرىغا ئاساسەن، ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ ئەمەلىيىتىگە بىرلەشتۈرۈپ تۈزۈلدى.

**2 ـ ماددا** بۇ نىزامدا ئېيتىلغان يېزا كوللېكتىپ ئىقتىسادىنى تەپتىش قىلىش يېزا كوللېكتىپ ئىقتىسادىي تەشكىلاتلىرىنىڭ ئىقتىسادىي پائالىيىتىنى كەنت قالدۇرۇقى، يېزا يىغىمىسى قاتارلىق دېھقانلار ئۈستىگە ئالىدىغان خىراجەت ۋە ئەمگەكنى ئېلىش، باشقۇرۇش، ئىشلىتىش ئەھۋالىنى يېزا كوللېكتىپ مۈلكىنى ئىگىلەش ئىشلىتىش ئەھۋالىنى تەپتىش قىلىشنى كۆرسىتىدۇ.

**3 ـ ماددا** ناھىيە دەرىجىلىكتىن يۇقىرى خەلق ھۆكۈمەتلىرىنىڭ يېزا ئىگىلىك مەمۇرىي مەسئۇل تارمىقى يېزا كوللېكتىپ ئىقتىسادىنى تەپتىش قىلىش خىزمىتىگە مەسئۇل تارماق بولۇپ، ئۆز مەمۇرىي رايونىدىكى يېزا كوللېكتىپ ئىقتىسادىنى تەپتىش قىلىش خىزمىتىنى يېتەكلەش، ماسلاشتۇرۇش نازارەت قىلىش ۋە باشقۇرۇشقا مەسئۇل بولىدۇ.

يېزا ئىگىلىك مەمۇرىي مەسئۇل تارمىقى يېزا ئىقتىسادىنى باشقۇرۇش ئاپپاراتىغا كونكرېت تەپتىش كەسپىنى يولغا قويۇش ھوقۇقى بېرىدۇ.

يېزا كوللېكتىپ ئىقتىسادىنى تەپتىش قىلىش خىزمىتى كەسپىي جەھەتتە دۆلەت ئىقتىسادىي تەپتىش ئورگىنىنىڭ يېتەكچىلىكىدە بولىدۇ.

**4 ـ ماددا** يېزا كوللېكتىپ ئىقتىسادىنى تەپتىش قىلغۇچىلار ئۆز خىزمىتىگە يارىشا كەسپىي بىلىم ۋە كەسپىي ئىقتىدارنى ھازىرلىشى، ئىمتىھاندا

لاياقەتلىك بولغاندىن كېيىن، يېزا كوللېكتىپ ئىقتىسادىنى تەپتىش قىلىش كىنىشكىسى بىلەن ئىش ئورنىغا بېرىشى كېرەك. يېزا كوللېكتىپ ئىقتىسادىنى تەپتىش قىلىش كىنىشكىسىنى ئاپتونوم رايونلۇق يېزا ئىگىلىك مەمۇرىي مەسئۇل تارمىقى بىر تۇتاش بېرىدۇ.

**5 - ماددا** يېزا كوللېكتىپ ئىقتىسادىنى تەپتىش قىلغۇچىلارنىڭ يېزا كوللېكتىپ ئىقتىسادىنى قانۇن بويىچە تەپتىش قىلىشى قانۇن تەرىپىدىن قوغدىلىدۇ.

تەپتىش قىلغۇچىلار تەپتىش ئىشلىرىدا ئادىل، راستچىل پاك - ئىنتىزامچان بولۇشى مەخپىيەتنى ساقلىشى لازىم.

**6 - ماددا** يېزا كوللېكتىپ ئىقتىسادىنى تەپتىش قىلغۇچىلار تەپتىش قىلغاندا، تەپتىش قىلىنغۇچى ئورۇن ياكى تەپتىش ئىشى بىلەن مەنپەئەت مۇناسىۋىتى بولسا چەتلەپ تۇرۇشى كېرەك.

**7 - ماددا** يېزا كوللېكتىپ ئىقتىسادىنى تەپتىش قىلىشقا كېتىدىغان كەسپىي خىراجەت شۇ دەرىجىلىك مالىيە خام چوتىغا كىرگۈزۈلىدۇ.

**8 - ماددا** ھەر دەرىجىلىك خەلق ھۆكۈمەتلىرى ۋە ئۇنىڭ يېزا ئىگىلىك مەمۇرىي مەسئۇل تارمىقى يېزا كوللېكتىپ ئىقتىسادىنى تەپتىش قىلىش خىزمىتىدە نەتىجىسى كۆرۈنەرلىك بولغان ئورۇن ۋە شەخسلەرنى تەقدىرلىشى ۋە مۇكاپاتلىشى لازىم.

## 2 - باب تەپتىش دائىرىسى ۋە ھوقۇقى

**9 - ماددا** يېزا ئىقتىسادىنى باشقۇرۇش ئاپپاراتلىرى ئۆز مەمۇرىي رايونىدىكى تۆۋەندىكى ئورۇنلارنى تەپتىش قىلىدۇ:

(1) يېزا (بازار)، كەنت (گورۇپپا) كوللېكتىپ ئىقتىسادىي تەشكىلاتى ياكى كەنت ئاھالە كومىتېتى ۋە ئۇنىڭ بىلەن مۈلۈك تەۋەلىك مۇناسىۋىتى بولغان كارخانا كەسپىي ئورۇنلار؛

(2) كەنت قالدۇرۇقى يېزا يىغىمىسى ۋە يېزا مەجبۇرىيەت ئەمگىكى، جۈغلانما ئەمگەكنى ئىشلىتىدىغان ئورۇن ۋە تارماقلار، دېھقانلار ئۈستىگە ئالىدىغان خىراجەت ۋە ئەمگەككە چېتىشلىق باشقا ئورۇن ۋە تارماقلار؛

(3) يېزا كوللېكتىپ مۈلكىنى ئىگىلىگەن ئىشلەتكەن ئورۇن ۋە تارماقلار؛

(4) قانۇن بويىچە تەپتىش قىلىنىدىغان باشقا ئورۇن ۋە تارماقلار.

**10 - ماددا** يېزا كوللېكتىپ ئىقتىسادىنى تەپتىش قىلىش مەزمۇنى:

(1) مالىيە باشقۇرۇش تۈزۈمىنى ئورنىتىش، مۇكەممەللەشتۈرۈش ۋە ئىجرا قىلىش ئەھۋالى؛

(2) بوغالتىرلىق ماتېرىياللىرىنىڭ مۇكەممەل چىن قېلىپلىق ۋە قانۇنلۇق بولغان - بولمىغانلىقى؛

(3) مۈلۈك باشقۇرۇش ئىشلىتىش ۋە قەرزدارلىق پايدا - زىيان ئەھۋالى باشقا ئالاقىدار ئىقتىسادىي پائالىيەتلەر؛

(4) كەنت قالدۇرۇقى، يېزا يىغىمىسى ۋە دېھقانلار ئۈستىگە ئالىدىغان باشقا خىراجەت ھەم يېزا مەجبۇرىيەت ئەمگىكى جۈغلانما ئەمگەكنى ئېلىش، باشقۇرۇش، ئىشلىتىش ئەھۋالى؛

(5) كوللېكتىپ مۈلكىنى ئىگىلىۋېلىش، ئىشلىتىۋېلىش، بۇزۇپ چېچىش قىلمىشلىرى؛

(6) كوللېكتىپ ئىقتىسادىي تەشكىلاتلارغا دۆلەتتىن بۇيرۇپ بېرىلگەن جەمئىيەتتىن ئىئانە قىلىنغان پۇل، ماددىي ئەشيانى باشقۇرۇش، ئىشلىتىش ئەھۋالى؛

(7) يېزا كوللېكتىپ ئىقتىسادىي تەشكىلاتى ۋە ئۇنى باشقۇرغۇچى ئورۇننىڭ ئاساسلىق مەسئۇلى ۋە مالىيە خادىملىرىنىڭ ۋەزىپە ئۆتەش مۇددىتىدىكى ۋە ۋەزىپىدىن ئايرىلىش ۋاقتىدىكى ئىقتىسادىي جاۋابكارلىقى؛

(8) تەپتىش قىلىنىدىغان باشقا ئىشلار.

**11 - ماددا** يېزا ئىقتىسادىنى باشقۇرۇش ئاپپاراتلىرى تۆۋەندىكى تەپتىش ھوقۇقىنى يۈرگۈزىدۇ:

(1) تەپتىش خىزمىتىنىڭ ئېھتىياجىغا قاراپ تەپتىش قىلىنغۇچى ئورۇندىن مالىيە خام چوتى، نەق چوتى مەلۇمات جەدۋەللىرى ۋە ئالاقىدار ھۆججەت، ماتېرىياللارنى ئەينەن يەتكۈزۈپ بېرىشنى تەلەپ قىلىش؛

(2) تەپتىش قىلىنغۇچى ئورۇننىڭ ئالاقىدار ھېساباتى، مۈلكىنى تەكشۈرۈش، ئالاقىدار ھۆججەت، ماتېرىياللىرىنى كۆرۈش؛

(3) تەپتىش ئىشلىرىغا دائىر ئەھۋاللارنى ئالاقىدار ئورۇن ۋە شەخسلەردىن ئىگىلەش، تەپتىش ئىسپات ماتېرىياللىرىنى يىغىش؛

(4) كوللېكتىپنىڭ ئىقتىسادىي مەنپەئىتىگە زىيان يەتكۈزۈۋاتقان، مالىيە ـ ئىقتىساد قانۇن ـ ئىنتىزامىغا خىلاپلىق قىلىۋاتقان قىلمىشلارنى توسۇش؛

(5) تەپتىش قىلىنغۇچى ئورۇنلاردىن تەپتىش خىزمىتىگە توسقۇنلۇق قىلغان، دەخلى قىلغانلىرىغا ئالاقىدار ھېسابات دەپتەرلىرى، تالون ـ ئىسپاتلارنى قانۇن بويىچە پېچەتلەش قاتارلىق ۋاقىتلىق تەدبىرلەرنى قوللىنىش؛

(6) قانۇنغا خىلاپ قىلمىشنى بىر تەرەپ قىلىش پىكرى ۋە تەكلىپىنى بېرىش.

**12 ـ ماددا** تەپتىش قىلىنغۇچى ئورۇن ياكى شەخسلەر يېزا ئىقتىسادىنى باشقۇرۇش ئاپپاراتلىرىنىڭ يېزا كوللېكتىپ ئىقتىسادىنى تەپتىش قىلىش خىزمىتىگە ماسلىشىپ، ئالاقىدار ئەھۋال ۋە ماتېرىياللارنى ۋاقتىدا يەتكۈزۈپ بېرىشى كېرەك، رەت قىلىشقا، كېيىنگە سۈرەشكە ۋە يالغان مەلۇم قىلىشقا بولمايدۇ.

## 3 ـ باب تەپتىش تەرتىپى

**13 ـ ماددا** يېزا ئىقتىسادىنى باشقۇرۇش ئاپپاراتى تەڭ دەرىجىلىك خەلق ھۆكۈمىتى ۋە يېزا ئىگىلىك مەمۇرىي مەسئۇل تارمىقىنىڭ تەلىپىگە ئاساسەن، ئۆز جايىنىڭ ئەمەلىيىتىگە بىرلەشتۈرۈپ، تەپتىش پىلانى تۈزىدۇ، تەپتىش خىزمىتىنىڭ مۇھىم نۇقتىسىنى بېكىتىدۇ ھەمدە تەپتىش قىلىنىدىغان ئىشلارنى تەپتىش گۇرۇپپىسى تەشكىللەپ ئىشلەيدۇ.

**14 ـ ماددا** تەپتىش گۇرۇپپىسى تەپتىش ئۇقتۇرۇشىنى تەپتىش قىلىنغۇچى ئورۇنغا 3 كۈن بۇرۇن يەتكۈزۈشى لازىم.

تەپتىش قىلىنغۇچى ئورۇن تەپتىش گۇرۇپپىسىنىڭ خىزمىتىگە ماسلىشىشى ھەمدە زۆرۈر خىزمەت شارائىتى يارىتىپ بېرىشى كېرەك.

**15 ـ ماددا** تەپتىش گۇرۇپپىسى دوكىلات ۋە ھېسابات جەدۋەللىرىنى تەكشۈرۈش، تەپتىش قىلىنىدىغان تۈر بىلەن مۇناسىۋەتلىك ھۆججەت ـ ماتېرىياللارنى كۆرۈش، نەق پۇل ۋە ماددىي بۇيۇملارنى تەكشۈرۈش، ئالاقىدار ئورۇن ۋە شەخسلەردىن ئەھۋال ئىگىلەش قاتارلىق ئۇسۇللار ئارقىلىق تەپتىش قىلىدۇ ھەمدە شۇ ماتېرىيالنى بەرگۈچىدىن ئىمزاسى قويۇلغان ياكى تامغىسى بېسىلغان ئىسپات ماتېرىياللىرىنى ئالىدۇ.

تەپتىش قىلغۇچىلار ئالاقىدار ئورۇن ۋە شەخسلەردىن ئەھۋال ئىگىلەشتە كىنىشكىسىنى ۋە تەپتىش ئۇقتۇرۇشىنىڭ قوشۇمچە نۇسخىسىنى كۆرسىتىشى كېرەك.

**16 ـ ماددا** تەپتىش گۇرۇپپىسى تەپتىش قىلىش داۋامىدا دېھقان، چارۋىچىلارنىڭ ۋە مالىيىنى دېموكراتىك باشقۇرۇش تەشكىلاتىنىڭ پىكرىنى ئاڭلىشى كېرەك.

**17 ـ ماددا** تەپتىش ئاخىرلاشقاندىن كېيىن تەپتىش دوكلاتىنى تەييارلاش كېرەك. تەپتىش گۇرۇپپىسى يېزا ئىقتىسادىنى باشقۇرۇش ئاپپاراتىغا تەپتىش دوكلاتىنى يوللاشتىن بۇرۇن تەپتىش قىلىنغۇچى ئورۇننىڭ پىكرىنى ئېلىشى كېرەك. تەپتىش قىلىنغۇچى ئورۇن تەپتىش دوكلاتىنى تاپشۇرۇۋالغان كۈندىن باشلاپ 10 كۈن ئىچىدە يازما پىكرىنى بېرىشى لازىم، سۈرۈك توشسىمۇ يازما پىكرىنى بەرمىسە باشقىچە پىكرى يوق دەپ قارىلىدۇ.

**18 ـ ماددا** يېزا ئىقتىسادىنى باشقۇرۇش ئاپپاراتى تەپتىش دوكلاتىنى بېكىتىشى، تەپتىش قىلىنغان ئىشلارنى باھالاپ، تەپتىش پىكرىنى يېزىشى؛ دۆلەتنىڭ بەلگىلىمىسىگە خىلاپ ئىقتىسادىي قىلمىشلار ئۈستىدە تەپتىش يەكۈنى چىقىرىپ، بىر تەرەپ قىلىش پىكرى ۋە تەكلىپى بېرىشى كېرەك.

يېزا ئىقتىسادىنى باشقۇرۇش ئاپپاراتى تەپتىش دوكلاتىنى تاپشۇرۇۋالغان كۈندىن باشلاپ 30 كۈن ئىچىدە تەپتىش پىكرىنى، تەپتىش يەكۈنىنى تەپتىش قىلىنغۇچى ئورۇن ۋە ئالاقىدار ئورۇنلارغا يەتكۈزۈشى كېرەك.

چوڭ ـ چوڭ ئىشلار ئۈستىدىكى تەپتىش يەكۈنىنى تەڭ دەرىجىلىك خەلق ھۆكۈمىتى ۋە يېزا ئىقتىسادىنى باشقۇرغۇچى بىر دەرىجە يۇقىرى ئاپپاراتقا

ۋاقتىدا يوللاش لازىم.

19 ـ ماددا يېزا ئىگىلىك مەمۇرىي مەسئۇل تارمىقى يېزا ئىقتىسادىنى باشقۇرۇش ئاپپاراتى بېكىتكەن تەپتىش دوكلاتىغا ئاساسەن قانۇندا بەلگىلەنگەن خىزمەت ھوقۇقى دائىرىسىدە بىر تەرەپ قىلىش قارارى چىقىرىشى لازىم.

بىر تەرەپ قىلىش قارارى يەتكۈزۈلگەن كۈندىن باشلاپ كۈچكە ئىگە بولىدۇ.

تەپتىش قىلىنغۇچى ئورۇن ۋە ئالاقىدار خادىملار بىر تەرەپ قىلىش قارارىغا قايىل بولمىسا، بىر تەرەپ قىلىش قارارىنى تاپشۇرۇۋالغان كۈندىن باشلاپ 15 كۈن ئىچىدە بىر دەرىجە يۇقىرى يېزا ئىگىلىك مەمۇرىي مەسئۇل تارمىقىغا قايتا قاراپ چىقىشنى ئىلتىماس قىلسا بولىدۇ. قايتا قاراپ چىقىش مەزگىلىدە ئەسلىدىكى بىر تەرەپ قىلىش قارارى ئىجرا قىلىنىۋېرىدۇ.

20 ـ ماددا يېزا ئىقتىسادىنى باشقۇرۇش ئاپپاراتى تەپتىش قىلىنغان ئىشلار ئۈستىدە ئارخىپ تۇرغۇزۇشى ۋە ئۇنى باشقۇرۇشنى كۈچەيتىشى كېرەك.

## 4 ـ باب قانۇن جاۋابكارلىقى

21 ـ ماددا تەپتىش قىلىنغۇچى ئورۇن ياكى شەخسلەر مۇشۇ نىزامدىكى بەلگىلىمىگە خىلاپلىق قىلىپ، تۆۋەندىكى قىلمىشلارنىڭ بىرىنى سادىر قىلسا، يېزا ئىگىلىك مەمۇرىي مەسئۇل تارمىقى ئاگاھلاندۇرىدۇ، ئومۇمىي ئۇقتۇرۇش چىقىرىپ تەنقىدلەيدۇ، سۈرۈك ئىچىدە تۈزىتىشكە بۇيرۇيدۇ؛ قىلمىشى ئېغىر بولسا، ئورۇنغا 2000 يۈەندىن تۆۋەن جەرىمانە قويىدۇ، بىۋاسىتە جاۋابكارلارغا 1 — 2 ئايلىق مائاشىغا ياكى ئىش ھەققى سوممىسىغا تەڭ جەرىمانە قويىدۇ. جىنايەت شەكىللەندۈرگەنلىرى قانۇن بويىچە جىنايى جاۋابكارلىقتا تارتىلىدۇ:

(1) تەپتىش ئىشلىرىغا كېرەكلىك ماتېرىيال ۋە ئىسپات ماتېرىياللىرىنى بېرىشنى رەت قىلغانلار؛

(2) تەپتىش خادىملىرىنىڭ تەپتىش ھوقۇقىنى يۈرگۈزۈشىگە توسقۇنلۇق قىلىپ، نازارەت قىلىش ۋە تەكشۈرۈشكە قارشىلىق كۆرسەتكەنلەر؛

(3) ساختىپەزلىك قىلغان ھەقىقىي ئەھۋالنى يوشۇرغانلار؛

(4) بوغالتىرلىق مەلۇمات جەدۋىلى، دوكۇمېنت، ھېسابات دەپتىرى، مالىيە كىرىم ـ چىقىمىغا ئالاقىدار باشقا ماتېرىياللارنى يوتكىۋەتكەن، يوشۇرۇپ قويغان ئۆزگەرتكەن ۋە يوقىتىۋەتكەنلەر؛

(5) تەپتىش قىلغۇچىلار ۋە پاش قىلغۇچىلاردىن ئۆچ ئالغانلار.

22 ـ ماددا تەپتىش قىلىنغۇچى ئورۇنلاردىن مالىيە كىرىم ـ چىقىم بەلگىلىمىسىگە خىلاپلىق قىلىپ، يېزا كوللېكتىپ ئىقتىسادىي تەشكىلاتىنىڭ مۈلكىنى ئىگىلىۋالغان، بۆلۈشۈۋالغان، بۇلاڭ ـ تالاڭ قىلغان، ئىشلىتىۋالغان، بۇزۇپ چاچقانلىرىغا ئالاقىدار قانۇن، نىزاملار بويىچە جازا بېرىلىدۇ.

23 ـ ماددا تەپتىش قىلىنغۇچى ئورۇن ۋە ئالاقىدار خادىملار جازا قارارىغا قايىل بولمىسا، قانۇن بويىچە مەمۇرىي قايتا قاراپ چىقىشنى ئىلتىماس قىلسا ياكى خەلق سوت مەھكىمىسىگە دەۋا قىلسا بولىدۇ. سۈرۈك توشقىچە قايتا قاراپ چىقىشنى ئىلتىماس قىلمىسا دەۋا قىلمىسا، جازا قارارىنىمۇ ئىجرا قىلمىسا، جازا قارارى چىقارغان تارماق خەلق سوت مەھكىمىسىگە مەجبۇرىي ئىجرا قىلدۇرۇپ بېرىشنى ئىلتىماس قىلسا بولىدۇ.

24 ـ ماددا تەپتىش قىلغۇچىلاردىن مەسئۇلىيەتسىزلىك قىلغان، خىزمەت ھوقۇقىدىن كەلسە ـ كەلمەس پايدىلانغان، نەپسانىيەتچىلىك قىلغان ياكى قانۇن ـ ئىنتىزامغا خىلاپ باشقا قىلمىشلارنى سادىر قىلغانلىرىغا ئىشلەيدىغان ئورنى ياكى يۇقىرى دەرىجىلىك مەسئۇل تارماق مەمۇرىي چارە كۆرىدۇ؛ جىنايەت شەكىللەندۈرگەنلىرى قانۇن بويىچە جىنايى جاۋابكارلىقتا تارتىلىدۇ.

25 ـ ماددا يېزا ئىگىلىك مەمۇرىي مەسئۇل تارماقلىرى قانۇن بويىچە جازا بېرىشتىن قىلغان كىرىمنى شۇ دەرىجىلىك مالىيىگە تاپشۇرىدۇ.

## 5 ـ باب قوشۇمچە پرىنسىپ

26 ـ ماددا بۇ نىزام 1999 ـ يىل 12 ـ ئاينىڭ 1 ـ كۈنىدىن باشلاپ يولغا قويۇلىدۇ.

## يەرلىك خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتلىرى «چوڭ ـ چوڭ ئىشلارنى قارار قىلىش» ھوقۇقىنى يۈرگۈزۈشتە بىر قانچە ھالقىنى ئوبدان تۇتۇش كېرەك

خۇاڭ چىنچاڭ

1 . تەكشۈرۈش ، تەتقىق قىلىشنى تۇتۇش . بىرەر چوڭ ئىش ئۈستىدە قارار چىقىرىشتىن بۇرۇن، شۇ ئىشنىڭ چېتىشلىق دائىرىسى بويىچە، قاراپ چىقماقچى بولغان ئىشنىڭ ئاساسىي ئەھۋالى ۋە مۇھىم مەسىلىلەر ئۈستىدە ئومۇميۈزلۈك تەكشۈرۈپ تەتقىق قىلىپ، ئۇزاق مەزگىللىك، ئومۇمىيۈزلۈك، تۈپ نېگىزلىك ئىشلارمۇ ئەمەسمۇ، خەلق ئاممىسى كۆڭۈل بۆلۈۋاتقان قىزىق نۇقتىلىق، قىيىن نۇقتىلىق، ئىجتىمائىي تەسىرى چوڭراق بولغان، ھەل قىلىش زۆرۈرىيىتى ۋە مۇمكىنچىلىكى بار بولغان ئىشلارمۇ قانداق دېگەنگە ئوخشاش تەرەپلەرنى ئايدىڭلاشتۇرۇش كېرەك.

2 . قاراپ چىقىشنى تۇتۇش . چوڭ ـ چوڭ ئىشلارنى قارار قىلىش ھوقۇقىنى يۈرگۈزۈشنىڭ ئاچقۇچلۇق ھالقىسى قاراپ چىقىشتىن ئىبارەت. قاراپ چىقىش ئۆتكىلىنى ئوبدان ئىگىلەش ئۈچۈن، ھەقىقەتنى ئەمەلىيەتتىن ئىزدەش، قانۇن بويىچە ئىش قىلىش، ئەزالارنى تولۇق پىكىر بايان قىلىش ئىمكانىيىتىگە ئىگە قىلىش ۋە كوللېكتىپ ھوقۇق يۈرگۈزۈشتە چىڭ تۇرۇش لازىم.

3 . بېجىرىشكە تاپشۇرۇشنى تۇتۇش. چوڭ ـ چوڭ ئىشلار ئۈستىدە قارار چىقىرىلغاندىن كېيىن، ھۆكۈمەتنىڭ يولغا قويۇشىغا تاپشۇرۇش ناھايىتى مۇھىم ھالقا ھېسابلىنىدۇ. ھۆكۈمەت ئۇنىڭغا ئەھمىيەت بېرىپ، مەسئۇلىيەتنى ئايدىڭلاشتۇرۇپ، مەسئۇل كىشىنى بېكىتىپ ئەمەلىيلەشتۈرۈشى، بېجىرىشكە قارىتا كونكرېت تەلەپنى ئوتتۇرىغا قويۇشى، بەلگىلەنگەن قەرەلدە بېجىرىپ بولۇشى كېرەك.

4 . بېجىرىشكە ھەيدەكچىلىك قىلىشنى تۇتۇش. قارار، بېكىتمىلەرنىڭ يولغا قويۇلۇشىغا ھەقىقىي كاپالەتلىك قىلىش ئۈچۈن، بېجىرىشكە ھەيدەكچىلىك قىلىش تۈزۈمىنى ئورنىتىش ۋە ئۇنى مۇكەممەللەشتۈرۈش لازىم. خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتى دوكلات ئاڭلاش، ۋەكىللەرنى تەشكىللەپ كۆزدىن كەچۈرۈش، قانۇنلارنىڭ ئىجراسىنى تەكشۈرۈش، ئومۇمىي ئۇقتۇرۇش يازما دوكلات، باھالاش، خىزمەتتىن مەلۇمات ئېلىش قاتارلىق شەكىللەر ئارقىلىق، ھۆكۈمەت تارماقلىرىنىڭ بېجىرىشىگە ھەيدەكچىلىك قىلىش كېرەك.

5 . ئىز قوغلاپ نازارەت قىلىشنى تۇتۇش . چوڭ ـ چوڭ ئىشلار ئۈستىدە چىقىرىلغان قارار يولغا قويۇلغاندىن كېيىن، يۈز بەرگەن يېڭى مەسىلىلەر، يېڭى زىددىيەتلەرنى ئىز قوغلاپ نازارەت قىلىپ، مۇستەھكەملەش خىزمىتىنى ياخشى ئىشلەشكە توغرا كېلىدۇ.

(مەملىكەتلىك خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتىنىڭ «خەلق قۇرۇلتىيى خىزمەت خەۋىرى» 1999 ـ يىل 10 ـ سانىدىن)
ئابدۇلئەھەد ھاجى تەرجىمىسى



# خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتىنىڭ ئايرىم دېلولارنى نازارەت قىلىشى توغرىسىدا

ئەركىن روزى

ئايرىم دېلولارنى نازارەت قىلىش دېگىنىمىز
خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتىنىڭ شۇ دەرىجىلىك
ئەدلىيە ئورگانلىرى بېجىرگەن ھەمدە كۈچكە ئىگە بول-
غان، بىراق قانۇنغا خىلاپ دەپ قارالغان دېلولارنى نازارەت
قىلىشىنى كۆرسىتىدۇ.

ئەدلىيە ئورگانلىرىغا بولغان قانۇن نازارەتچى-
لىكى ئاساسىي قانۇن ۋە قانۇنلاردا خەلق قۇرۇلتىيىغا
بېرىلگەن مۇھىم ھوقۇق. خەلق قۇرۇلتىيىنىڭ نازارەت-
چىلىكى يۇقىرى دەرىجىلىك ئەدلىيە ئورگانلىرىنىڭ
تۆۋەنگە قاراشلىق تۆۋەن دەرىجىلىك ئەدلىيە ئورگانلىرىنى
نازارەت قىلىشقا ئوخشىمايدۇ. ئەدلىيە ئورگانلىرىنىڭ
ئىچكى قىسمىدا خاتا دېلولارنى نازارەت قىلىپ بىر تەرەپ
قىلىشمۇ مەسىلىنى ھەل قىلىشنىڭ بىر خىل ئۇ-
سۇلى. بىراق، بۇنىڭلىق بىلەن خەلق قۇرۇلتىيىنىڭ
ئەدلىيىلىك نازارەتچىلىكىنىڭ رولىنى بىر چەتكە قاي-
رىپ قويۇشقا ياكى خەلق قۇرۇلتىيىنىڭ نازارەتچىلىكى-
نى ئەدلىيە ئورگانلىرىنىڭ ئىچكى قىسمىدىكى چەكلەش
، نازارەت قىلىشنىڭ ئورنىغا دەسسىتىشكە بولمايدۇ.
خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتى ئەدلىيە ئورگانلى-
رى بېجىرگەن ئايرىم كونكرېت دېلولارنى نازارەت قى-
لىشتا، ساقلانغان نۇقتىلىق مەسىلىلەرنى ئۆز ۋاقتىدا
كۆرسىتىپ بېرىشى، بىر تەرەپ قىلىش پىكىرىنى ۋە
تەكلىپىنى ئوتتۇرىغا قويۇشى كېرەك. ئەگەر خەلق قۇ-
رۇلتىيى دائىمىي كومىتېتى مەلۇم بىر دېلو ھەققىدىكى
دوكلاتنى ئاڭلىغاندىن كېيىن ھېچقانداق پوزىتسىيە
بىلدۈرمىسە، مەسىلىنى قانداق بىر تەرەپ قىلىش توغ-
رۇلۇق پىكىر بەرمىسە، ئەدلىيە ئورگانلىرىنىڭ قانۇنغا
خىلاپ دېلولارنى تۈزىتىمگەنلىكىنى ئېنىق بىلىپ تۇ-
رۇپمۇ پىكىر، تەكلىپلەرنى ئوتتۇرىغا قويالمىسا، نازا-
رەتچىلىك دېگەندىن گەپ ئاچقىلى بولمايدۇ. شۇڭا ئايرىم
دېلولارنى نازارەت قىلغاندا خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي
كومىتېتى چوقۇم پوزىتسىيە بىلدۈرۈشى كېرەك. بۇنى
خەلق قۇرۇلتىيىنىڭ ئەدلىيە ئورگانلىرىنىڭ دېلو بې-
جىرىشىگە ئارىلىشىۋېلىشى دەپ قارىماسلىق كېرەك.
نازارەتچىلىكنىڭ ئۆزى ئارىلىشىش. بىراق، ئارىلاشقان-
لىق خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتىنىڭ ئەدلىيە
ئورگانلىرىنىڭ نامىدا بىۋاسىتە دېلو بېجىرگەنلىكى
ئەمەس. خاتا دېلونى تۈزىتىش مەسىلىسىنى يەنىلا ئەد-
لىيە ئورگانلىرى قانۇن تەرتىپى بويىچە ئۆزلىرى ھەل
قىلىدۇ. بۇ يەردىكى ئارىلىشىش دېلو بېجىرىشتىكى
خاتالىقلارنى كۆرسىتىپ بېرىش بولۇپ، بۇ ئارقىلىق
ئەدلىيە ئورگانلىرىنىڭ دېلو بېجىرىشتىكى خاتالىقلارنى
تۈزىتىشىگە ھەيدەكچىلىك قىلىش مەقسىتىگە يەتكىلى
بولىدۇ. خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتى ئايرىم
دېلولارنى نازارەت قىلغاندا بىر تەرەپ قىلىش پىكرىنى
ئوتتۇرىغا قويۇشتا پرىنسىپتىن ھالقىپ كەتمەيدۇ.
يەنى، دەلىل - ئىسپاتلار يېتەرلىك بولماسلىق، تەت-
بىقلانغان قانۇن توغرا بولماسلىق قاتارلىق تەرەپلەرنى
كۆرسىتىپ بېرىدۇ. ھەرگىزمۇ قانداق ھۆكۈم قىلىش
توغرۇلۇق كونكرېت تەلەپ قويمايدۇ. شۇڭا، خەلق قۇ-
رۇلتىيىنىڭ ئايرىم دېلولارنى نازارەت قىلىشنى چۈشە-
نىش ۋە خەلق قۇرۇلتىيىنىڭ ئەدلىيە ئورگانلىرىنى نا-
زارەت قىلىش ھوقۇقىنى تونۇش كېرەك. بۇلارنىڭ
ھەممىسى قانۇننى توغرا ئىجرا قىلىش، دېلولارنى قانۇن
بويىچە ئادىل بىر تەرەپ قىلىش ھەمدە دەۋالاشقۇچىلارنىڭ
قانۇنىي ھوقۇق - مەنپەئەتىنى قوغداشتا پايدىلىق.

# ئورمان بايلىقىنى مۇھاپىزەت قىلىش ۋە تەرەققىي قىلدۇرۇشنى تېخىمۇ كۈچلۈك قانۇنىي كاپالەتكە ئىگە قىلالايلى

ۋاڭ خۇڭجې

## ——ئورمان قانۇنىغا تۈزىتىش كىرگۈزۈش ئەھۋالىنى قىسقىچە تونۇشتۇرۇش

9 ـ نۆۋەتلىك مەملىكەتلىك خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتىنىڭ 2 ـ يىغىنىدا 1998 ـ يىل 4 ـ ئاينىڭ 29 ـ كۈنى «جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتىنىڭ ئورمان قانۇنى» غا تۈزىتىش كىرگۈزۈش توغرىسىدا قارار» (تۆۋەندە قىسقارتىپ «قارار» دېيىلىدۇ) ماقۇللاندى. شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا، «قارار» غا ئاساسەن تۈزىتىلگەن «جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتىنىڭ ئورمان قانۇنى» (تۆۋەندە قىسقارتىپ ئورمان قانۇنى دېيىلىدۇ) ئېلان قىلىندى ھەمدە 1998 ـ يىل 7 ـ ئاينىڭ 1 ـ كۈنىدىن ئېتىبارەن يولغا قويۇلغاندىن بۇيان، ئورمان بايلىقىنى مۇھاپىزەت قىلىش، يېتىلدۈرۈش ۋە مۇۋاپىق پايدىلىنىش، ئېكولوگىيىلىك تەڭپۇڭلۇقنى قوغداش ۋە سىجىل تەرەققىي قىلدۇرۇش قاتارلىق جەھەتلەردە مۇھىم رول ئوينىدى. لېكىن، ۋەزىيەتنىڭ تەرەققىياتىغا ئەگىشىپ، يېڭى ۋەزىيەت ئاستىدا ئورمانچىلىقنى ۋە ئېكولوگىيىلىك مۇھىت قۇرۇلۇشىنى راۋاجلاندۇرۇشنىڭ ئېھتىياجىغا ئۇيغۇنلىشالمايدىغان بولۇپ قالدى. ئورمان قانۇنىغا مۇۋاپىق تۈزىتىش كىرگۈزۈش ھەقىقەتەن زۆرۈر ئىدى. ئورمان قانۇنىغا تۈزىتىش كىرگۈزۈش ئورمان بايلىقىنى مۇھاپىزەت قىلىش، ئورمان بايلىقىنى كېڭەيتىشنىڭ ئېھتىياجى، بازار ئىگىلىكى تۈزۈلمىسىگە ئۇيغۇنلىشىشنىڭ ئېھتىياجى، ئورمانچىلارنىڭ ئۈستىدىكى سېلىقنى يېنىكلىتىش، يەنىمۇ ئىلگىرىلىگەن ھالدا ئورمان بىنا قىلغۇچى ئورۇنلار ۋە شەخسلەرنىڭ قانۇنىي ھوقۇق ـ مەنپەئىتىنى قوغداشنىڭ ئېھتىياجى، ئورمانچىلىق قانۇن ـ تۈزۈمىنى مۇكەممەللەشتۈرۈشنىڭ ئېھتىياجى. يېڭى ئورمان قانۇنىنىڭ ئېلان قىلىنىشى ۋە يولغا قويۇلۇشى مۇقەررەر يوسۇندا ۋەتىنىمىز زېمىنىنى كۆكەرتىش ۋە ئورمانچىلىق قۇرۇلۇش ئىشلىرىنىڭ تەرەققىياتىنى كۈچلۈك ئىلگىرى سۈرىدۇ ھەمدە ئېكولوگىيىلىك مۇھىت قۇرۇلۇشى جەھەتتە مۇھىم رول ئوينايدۇ.

«قارار» دا جەمئىي 26 تۈرلۈك بەلگىلىمە بار، بۇنىڭ ئىچىدە يېڭى مەزمۇن قوشۇلغىنى ياكى تۈزىتىلگىنى 22 تۈرلۈك (يېڭىدىن قوشۇلغىنى يەتتە تۈرلۈك، تۈزىتىلگىنى 15 تۈرلۈك)؛ قىسقارتىلغىنى بىر تۈرلۈك (ئورمانچىلىق مەسئۇل تارماقلىرىنىڭ جەرىمانە قويۇش قارارىغا قايىل بولمىسا ئەرز قىلىش توغرىسىدىكى بەلگىلىمە)؛ ئۇسلۇب جەھەتتىن تەڭشەلگىنى 3 تۈرلۈك. ئۇلار ئاساسلىقى:

### 1. ئورمان قانۇنىنىڭ تەتبىقلاش دائىرىسى توغرىسىدا

يېڭى ئورمان قانۇنىنىڭ 2 ـ ماددىسىدا: ئەسلىدىكى تەتبىقلاش دائىرىسى ئاساسىدا ئورمان يېرىنى باشقۇرۇش ئورمان قانۇنىنىڭ تەتبىقلاش دائىرىسىگە كىرگۈزۈلدى. ئورمان يېرى ئورمان ۋە دەل ـ دەرەخلەرنى كۆتۈرۈپ تۇرىدۇ، شۇڭا ئۇ ئورمان بايلىقىنىڭ مۇھىم تەركىبىي قىسمى، ئورمانچىلىقنى راۋاجلاندۇرۇشنىڭ ماددىي ئاساسى ھېسابلىنىدۇ. ئورمان يېرىنى ئورمان قانۇنىنىڭ تەتبىقلاش دائىرىسىنىڭ سىرتىدا قالدۇرۇش ئورمانچىلىقنى راۋاجلاندۇرۇشقا ۋە ئېكولوگىيىلىك مۇھىت قۇرۇلۇشىغا پايدىسىز. شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا، يېڭى ئورمان قانۇنىدا كۆچەت تىكىپ ئورمان ۋە دەل ـ دەرەخلەرنى يېتىلدۈرۈش گەۋدىلەندۈرۈلدى. ئەسلىدىكى

ئورمان قانۇنىدا ئورمانلارنى كېسىپ پايدىلىنىش كۆچەت تىكىپ ئورمان يېتىلدۈرۈشنىڭ ئالدىغا قويۇلغان، ئېنىق چاقلاردا ئورمانچىلىق ئىشلەپچىقىرىشىدا دەل - دەرەخلەرنى كېسىشنى گەۋدىلەندۈرۈش ئاساس قىلىنغان. بۇ ئورمانچىلىق ھەققىدىكى ئەنئەنىۋى چۈشەنچە ئىدى. ھالبۇكى ھازىرقى زامان ئورمانچىلىقىدا ئورمان بايلىقىنى كېڭەيتىش، ئورماننىڭ ئېكولوگىيىلىك، ئىجتىمائىي ۋە ئىقتىسادىي ئۈنۈمىنى تولۇق جارى قىلدۇرۇش تېخىمۇ ئاساس قىلىنىدۇ. شۇڭا، بۇ قېتىم تۈزىتىش كىرگۈزۈشتە كۆچەت تىكىپ ئورمان يېتىلدۈرۈش كېسىپ پايدىلىنىشنىڭ ئالدىغا قويۇلدى، بۇنىڭدىكى مەقسەت ئەنئەنىۋى ئورمان باشقۇرۇش ئىدىيىسىنى ئۆزگەرتىپ، ياخشى ئېكولوگىيىلىك مۇھىت بەرپا قىلىشتىن ئىبارەت.

2. ئورمان يېرىنى باشقۇرۇش توغرىسىدا

1) دۆلەت ئىگىدارچىلىقىدىكى نۇقتىلىق ئورمانچىلىق رايونلىرىدا ئورمان، دەل - دەرەخ ۋە ئورمان يېرى جەھەتتە ھوقۇق بەلگىلەپ گۇۋاھنامە تارقىتىش توغرىسىدا

يېڭى ئورمان قانۇنىنىڭ 3 - ماددىسىدا: ئەسلىدىكى ئورمان قانۇنىدىكى ئورمان، دەل - دەرەخ ۋە ئورمان يېرىنى ناھىيە دەرىجىلىكتىن يۇقىرى خەلق ھۆكۈمىتى ھوقۇق بەلگىلەپ گۇۋاھنامە تارقىتىش توغرىسىدىكى بەلگىلىمىنى ساقلاپ قېلىش بىلەن بىر ۋاقىتتا، «گوۋۇيۈەننىڭ ئورمانچىلىق مەسئۇل تارمىقى گوۋۇيۈەننىڭ ھوقۇق بېرىشى بىلەن گوۋۇيۈەن بېكىتكەن دۆلەت ئىگىدارلىقىدىكى نۇقتىلىق ئورمان رايونىدىكى ئورمان، دەل - دەرەخ ۋە ئورمان يېرىنى تىزىملاپ رويخەتكە ئېلىپ، گۇۋاھنامە تارقاتسا ھەمدە مۇناسىۋەتلىك يەرلىك خەلق ھۆكۈمەتلىرىگە ئۇقتۇرسا بولىدۇ.» دېگەن بەلگىلىمە قوشۇلدى. ھازىر گوۋۇيۈەن بەلگىلىگەن دۆلەت ئىگىدارلىقىدىكى نۇقتىلىق ئورمان رايونلىرى شەرقىي شىمال، ئىچكى موڭغۇل ئاپتونوم رايونىدىكى دۆلەت ئىلكىدىكى ئورمانچىلىق رايونلىرىدىكى دۆلەتنىڭ نۇقتىلىق ئورمانچىلىق سانائەت كارخانا كەسپىي رايونلىرىنى كۆرسىتىدۇ. ئورمان قانۇنى يولغا قويۇلۇشتىن ئىلگىرى بۇ رايونلاردىكى ئورمان بايلىقىنىڭ ھوقۇق تەۋەلىكى مەملىكەتلىك پىلان كومىتېتى تەستىقلىغان لايىھە ۋەزىپىنامىسىگە ئاساسەن بەلگىلەنگەن. ئورمان قانۇنىنى يولغا قويۇش جەريانىدا، ئايرىم جايلاردىكى ھۆكۈمەتلەر بىر تەرەپلىمە ھالدا يەرلىكنىڭ مەنپەئەتىنى تەكىتلەپ، ھوقۇق بەلگىلەپ گۇۋاھنامە تارقىتىش شەكلى ئارقىلىق بۇ نۇقتىلىق ئورمان رايونلىرىدىكى ئورمان بايلىقىنى پىلە قۇرتىدەك يەپ، دۆلەت ئىلكىدىكى ئورمانچىلىق سانائەت كارخانا كەسپىي رايونلىرىدىكى ئورمان، دەل - دەرەخ، ئورمان يېرىنى يەرلىككە، كوللېكتىپقا ھەتتا شەخسىي دېھقانلارغىچە بۆلۈپ بېرىپ، دۆلەت ئىلكىدىكى ئورمان بايلىقىنى خورىتىۋەتتى. 1989 - يىلى گوۋۇيۈەن ئېنىق چاغدىكى ئورمانچىلىق مىنىستىرلىكىنىڭ بۇ نۇقتىلىق ئورمان رايونى ئىچىدىكى ئورمانچىلىق سانائىتى كارخانىلىرىنىڭ ئورمان، دەل - دەرەخ، ئورمان يېرى گۇۋاھنامىلىرىنى (ئورمان ھوقۇقى گۇۋاھنامىسىنى) تەكشۈرۈپ تارقىتىشنى قارار قىلغانىدى. بۇ يۇقىرىقىدەك قىلمىشلارنى چەكلەشتە نىسبەتەن ياخشى ئۈنۈم بەردى. بۇ قېتىم تۈزىتىش كىرگۈزۈشتە، ئەمەلىيەت داۋامىدا ئۈنۈملۈك بولغانلىقى ئىسپاتلانغان مۇھاپىزەت تۈزۈمى قانۇن ئارقىلىق قېلىپلاشتۇرۇلۇپ مۇئەييەنلەشتۈرۈلدى. شۇنىڭدەك بۇ يەنە گوۋۇيۈەن ھوقۇق بەرگەن ئورمانچىلىق مەسئۇل تارماقلىرىنىڭ گۇۋاھنامە تارقىتىش ھەرىكىتىنى ئېتىراپ قىلغانلىق بولۇپ ھېسابلىنىدۇ. جۈملىدىن، بۇ قېتىمقى تۈزىتىش كىرگۈزۈشتە ئورمان ھوقۇقى گۇۋاھنامىسىنىڭ قانۇنىي ئورنى يەنىمۇ ئىلگىرىلىگەن ھالدا ئايدىڭلاشتۇرۇلدى، يەنى ئورمان ھوقۇقى گۇۋاھنامىسى ئورمان، دەل - دەرەخ ۋە ئورمان يېرى ھوقۇق تەۋەلىكىنىڭ قانۇنىي ئىسپاتىدۇر.

2) ئورمان يېرىنى ئىگىلەش، ئېلىپ ئىشلىتىشنى باشقۇرۇش توغرىسىدا

يېڭى ئورمان قانۇنىنىڭ 18 - ماددىسىدا ئورمان يېرىنى ئېلىپ ئىشلىتىش ياكى ئىگىلەش توغرىسىدا «ئورمانچىلىق مەسئۇل تارماقلىرىنىڭ تەكشۈرۈپ قوشۇلۇشىدىن ئۆتكۈزۈش» دېگەن بەلگىلىمە قوشۇلدى. يېقىنقى يىللاردىن بۇيان، بەزى جايلار ۋە تارماقلار ئورمانچىلىق مەسئۇل تارماقلىرىنىڭ تەكشۈرۈپ قوشۇلۇشىدىن ئۆتكۈزمەي، ئورمان يېرىنى خالىغانچە باشقا ئىشلارغا ئىشلىتىپ، ئورمان يېرىنىڭ كۆلىمىنى

توختاۋسىز ئازايتىۋەتتى ، بۇ قېتىمقى تۈزىتىش كىر-
گۈزۈشتە جايلارنىڭ مۇۋەپپەقىيەتلىك تەجرىبىلىرىنى
يەكۈنلىگەن ئاساستا ، گوۋۇيۈەننىڭ مۇناسىۋەتلىك بەل-
گىلىمىلىرىگە ئاساسەن، ئورمانچىلىق مەسئۇل تارماق-
لىرىنىڭ تەكشۈرۈپ قوشۇلۇشىدىن ئۆتكۈزۈش ئورمان
يېرىنى ئىگىلەش ياكى ئېلىپ ئىشلىتىشنىڭ قانۇندا
بەلگىلەنگەن مۇقەررەر تەرتىپى قىلىپ بېكىتىلىپ يېڭى
ئورمان قانۇنىغا كىرگۈزۈلدى ، بۇ ئورمان يېرىنىڭ تېز
سۈرئەتتە ئازلاپ كېتىش ھالىتىنى چەكلەشكە پايدىلىق .
3 . ئورماننىڭ ئېكولوگىيىلىك ئۈنۈمى تو-
لۇقلىما فوندى ۋە يېپىنچا ئورماننى ئەسلىگە كەلتۈرۈش
توغرىسىدا
يېڭى ئورمان قانۇنىنىڭ 8 ـ ماددا 2 ـ تارمى-
قىدا: دۆلەت ئورماننىڭ ئېكولوگىيىلىك ئۈنۈمى تولۇقى-
لىما فوندى تەسىس قىلىپ ، ئىھاتە ئورمانلىرى ۋە ئالا-
ھىدە ئورمانلارنى بىنا قىلىش ۋە مۇھاپىزەت قىلىش-تىقا
ئىشلىتىش بەلگىلەندى . ئىھاتە ئورمانلىرى بىلەن ئالا-
ھىدە ئورمانلار ئادەتتە ئېكولوگىيىلىك جامائەت ئورمان-
لىقى دەپ ئاتىلىدۇ ، ئۇنىڭ ئاساسلىق ئىقتىدارى جەم-
ئىيەتنى سۇ ـ تۇپراق ساقلاش ، بۇ مەنبەسىنى ساقلاپ
قېلىش ، مۇھىتنى ياخشىلاش قاتارلىق ئېكولوگىيىلىك
مۇلازىمەت بىلەن تەمىن ئېتىشتىن ئىبارەت ، بۇنى با-
زاردىن سېتىۋالغىلى، تېگىشىۋالغىلى بولمايدۇ. ئورمان
بىنا قىلىش، ئورمان مۇھاپىزەت قىلىشنىڭ ھاسىلاتىنى
بازاردىن تاپقىلى ۋە تولۇقلىغىلى بولمايدۇ . يېقىنقى
يىللاردىن بۇيان ، دۆلەت ۋە يەرلىك خەلق ھۆكۈمەتلىرى
ئېكولوگىيىلىك جامائەت ئورمانلىقلىرىنى بەرپا قىلىش
ۋە مۇھاپىزەت قىلىش ئۈچۈن كۆپلەپ مەبلەغ سالدى .
لېكىن دۆلىتىمىزنىڭ مالىيە كۈچى چەكلىك بولغاچقا ،
ھەر يىلى سېلىنغان مەبلەغ ئېكولوگىيىلىك جامائەت
ئورمانلىقى بەرپا قىلىشنىڭ ئېھتىياجىنى قاندۇرالمايۋا-
تىدۇ . ۋەھالەنكى ، كەڭ كۆلەمدىكى ئېكولوگىيىلىك
جامائەت ئورمانلىقى كۆپىنچە ئاز سانلىق مىللەتلەر را-
يونى ۋە تەرەققىي تاپمىغان رايونلارغا جايلاشقان ، بۇ جاي-
لاردىكى ھۆكۈمەت ۋە خەلق ئېكولوگىيىلىك جامائەت
ئورمانلىقى بەرپا قىلىش ۋە ئۇنى مۇھاپىزەت قىلىش ئۈ-
چۈن خېلى كۆپ مەبلەغ سالدى ، ئەمدى سېلىنمىنى يەنە
كۆپەيتىشكە قۇربى يەتمەي قالدى . شۇنىڭ ئۈچۈن ئور-
ماننىڭ ئېكولوگىيىلىك ئۈنۈمى تولۇقلىما فوندى تۈ-
زۈمىنى ئورنىتىش بۇ بىر قىسىم ئورمانلارنى باشقۇرۇش
ۋە مۇھاپىزەت قىلىشنىڭ ئىقتىسادىي سېلىنمىسىنى
مۇۋاپىق ھەل قىلىشنىڭ ئۈنۈملۈك يولىدۇر .
يېڭى ئورمان قانۇنىنىڭ 18 ـ ماددىسىدا :
ئورمان يېرىنى ئىگىلىگەن ۋە ئېلىپ ئىشلەتكەنلەر يې-
پىنچا ئورماننى ئەسلىگە كەلتۈرۈش ھەققى تاپشۇرۇش
توغرىسىدىكى بەلگىلىمە قوشۇلدى . يېپىنچا ئورماننى
ئەسلىگە كەلتۈرۈش ھەققى قانۇن بويىچە ئورمان يېرىنى
ئىگىلىگەن ۋە ئېلىپ ئىشلەتكەن ئورۇن گوۋۇيۈەننىڭ
ئالاقىدار بەلگىلىمىسىگە بىنائەن ئورمان يېرى ئىگىلە-
گەن ۋە ئېلىپ ئىشلىتىلگەن ئورۇنغا مۇناسىۋەتلىك تۆ-
لەم ۋە ئورۇنلاشتۇرۇش راسخوتى تۆلىگەندىن تاشقىرى
تاپشۇرىدىغان مەخسۇس يېپىنچا ئورماننى ئەسلىگە كەل-
تۈرۈشكە ئىشلىتىلىدىغان راسخوتنى كۆرسىتىدۇ . يې-
پىنچا ئورماننى ئەسلىگە كەلتۈرۈش ھەققىنى ئورمان-
چىلىق مەسئۇل تارماقلىرى بىر تۇتاش كۆچەت تىكىپ
ئورمان بىنا قىلىشقا ئىشلىتىدۇ . كۆچەت تىكىپ ئور-
مان بىنا قىلغان كۆلەم ئورمان يېرىنى ئىگىلەش ياكى
ئېلىپ ئىشلىتىش تۈپەيلىدىن كېمەيگەن يېپىنچا ئور-
مان كۆلىمىدىن ئاز بولماسلىقى كېرەك . يېپىنچا ئور-
ماننى ئەسلىگە كەلتۈرۈش ھەققىنىڭ قانۇنىي تۈزۈم
قىلىپ ئورنىتىلىشى بىر تەرەپتىن ئېلىمىزنىڭ ئورمان
كۆلىمىنىڭ ئورمان يېرىنى ئىگىلەش ۋە ئېلىپ ئىش-
لىتىش تۈپەيلىدىن كېمىيىپ كېتىمەسلىكىگە ھەقىقىي
كاپالەتلىك قىلىدۇ ، يەنە بىر تەرەپتىن ، ئورمان يېرىنى
ئىگىلەش ۋە ئېلىپ ئىشلىتىش كۆلىمىنى كېڭەيتىشنى
ئىقتىسادىي جەھەتتىن ئۈنۈملۈك چەكلەيدۇ .
4 . پەن ـ تېخنىكىغا تايىنىپ ئورمانچىلىقنى
گۈللەندۈرۈش
يېڭى ئورمان قانۇنىنىڭ 6 ـ ماددىسىدا :
«دۆلەت ئورمانچىلىق ئىلمىي تەتقىقاتىغا ئىلھام بېرىدۇ ،
ئىلغار ئورمانچىلىق تېخنىكىسىنى كېڭەيتىدۇ ، ئور-
مانچىلىق پەن ـ تېخنىكا سەۋىيىسىنى يۇقىرى كۆتۈ-
رىدۇ .» دەپ بەلگىلەندى . ئېلىمىزنىڭ ئورمانچىلىقىنى
راۋاجلاندۇرۇشتا ئورمانچىلىق پەن ـ تېخنىكىسىغا تايى-
نىش لازىم . شۇنىڭ ئۈچۈن ، بۇ قېتىمقى تۈزىتىش
كىرگۈزۈشتە ئورمانچىلىق ئىلمىي تەتقىقاتىنىڭ ئورمان

قانۇنىدىكى مۇھىم ئورنى گەۋدىلەندۈرۈلدى.

5. ئورمانچىلارنىڭ سېلىقىنى يېنىكلىتىش ۋە ئورمان بىنا قىلغۇچىلارنىڭ قانۇنىي ھوقۇق - مەنپەئەتىنى قوغداش توغرىسىدا

يېڭى ئورمان قانۇنىنىڭ 7 - ماددا 1 - تارمىقىدا: ئورمانچىلارنىڭ قانۇنىي ھوقۇق - مەنپەئەتىنى قوغداش ۋە ئورمانچىلارنىڭ سېلىقىنى قانۇن بويىچە يېنىكلىتىش توغرىسىدا بەلگىلىمە چىقىرىلدى. ئورمانچىلاردىن قانۇنغا خىلاپ ھالدا ھەق ئېلىش ۋە ئۇلارغا جەرىمانە قويۇش، سېلىق چېچىش، ئۇلاردىن مەجبۇرىي مەبلەغ توپلاشنى مەنئى قىلىش توغرىسىدىكى بەلگىلىمە قوشۇلدى.

يېڭى ئورمان قانۇنىنىڭ 7 - ماددا 2 - تارمىقىدا: ھۆددىگە ئېلىپ ئورمان بىنا قىلغان كوللېكتىپ ۋە شەخسلەرنىڭ قانۇنىي ھوقۇق - مەنپەئەتىنى قوغداش توغرىسىدا بەلگىلىمە چىقىرىلدى. ئەمەلىيەتتە، بەزىلەر ئورمان ھوقۇقى ماجىراسىنى باھانە قىلىپ ئالدامچىلىق قىلىش، زورلۇق قىلىش يولى بىلەن ئوغرىلىقچە دەل - دەرەخلەرنى كېسىپ كەتتى؛ بەزىلەر ھۆددىگەرلىك توختامنامىسىنى ئوچۇق - ئاشكارا يىرتىپ تاشلىدى. ھۆددىگەرلەرنىڭ قانۇنىي ھوقۇق - مەنپەئەتىنى قوغداپ، ئورمان بىنا قىلىشنىڭ نەتىجىلىرىنى ھەقىقىي تۈردە مۇستەھكەملەش ئۈچۈن، بۇ قېتىمقى تۈزىتىش كىرگۈزۈشتە يېڭى ئورمان قانۇنىغا يۇقىرىقى بەلگىلىمىلەر قوشۇپ كىرگۈزۈلدى.

6. ئورمان، دەل - دەرەخ، ئورمان يېرىدىن پايدىلىنىش ھوقۇقىنى ئۆتۈنۈپ بېرىش توغرىسىدا

يېڭى ئورمان قانۇنىنىڭ 15 - ماددىسىدا: ئورمان، دەل - دەرەخ، ئورمان يېرىدىن پايدىلىنىش ھوقۇقىنى قانۇن بويىچە ئۆتۈنۈپ بېرىش توغرىسىدا بەلگىلىمە چىقىرىلدى. سوتسىيالىستىك بازار ئىگىلىكىنىڭ تەدرىجىي ئورنىتىلىشىغا ئەگىشىپ، ئورمان، دەل - دەرەخ، ئورمان يېرىدىن پايدىلىنىش ھوقۇقىنى ئۆتۈنۈپ بېرىش ھەر قايسى تەرەپلەرنىڭ ئورمان بىنا قىلىش ئاكتىپلىقىنى ئۈنۈملۈك تۈردە قوزغايدۇ. يېقىنقى يىللاردىن بۇيان، بولۇپمۇ دېڭىز بويلىرىدىكى ئېچىۋېتىلگەن رايونلاردا بۇ خىل ئەھۋال كۆپلەپ يۈز بەردى. جايلارنىڭ بۇ جەھەتتىكى ئۇسۇلىنى قېلىپلاشتۇرۇش ھەم ئورمان، دەل - دەرەخ، ئورمان يېرىدىن پايدىلىنىش ھوقۇقىنى ئۆتۈنۈپ بېرىش تۈپەيلىدىن، ئېكولوگىيىلىك جامائەت ئورمانلىقىنىڭ بۇزغۇنچىلىققا ئۇچرىشىدىن ساقلىنىش ئۈچۈن، يېڭى ئورمان قانۇنىدا ئورمان يېرىنى ئورمانسىز يەرگە ئايلاندۇرۇۋېتىشكە يول قويماسلىق شەرتى ئاستىدا، ماتېرىيال ئورمىنى، ئىقتىسادىي ئورمان، يېقىلغۇ ئورمىنى ۋە ئورمان يېرىدىن پايدىلىنىش ھوقۇقىنى شۇنىڭدەك گوۋۇيۇەن بەلگىلىگەن باشقا ئورمان، دەل - دەرەخ، باشقا ئورمان يېرىدىن پايدىلىنىش ھوقۇقىنى قانۇن بويىچە ئۆتۈنۈپ بېرىشكە، باھا قويۇپ پاي قىلىپ قوشۇشقا، شېرىكلىشىپ، ھەمكارلىشىپ ئورمان بىنا قىلىشقا بولىدۇ، شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا، قولىدىكى دەل - دەرەخ كېسىش ئىجازەتنامىسىنىمۇ ئۆتۈنۈپ بېرىشكە بولىدۇ، لېكىن ئۆتۈنۈپ بەرگەندە ئىككىلا تەرەپ مۇشۇ قانۇندىكى ئورمان، دەل - دەرەخ كېسىش ۋە ئورمان يېڭىلاش توغرىسىدىكى بەلگىلىمىلەرگە ئەمەل قىلىشى شەرت، دەپ ئېنىق بەلگىلەندى.

7. تەبىئىي ئورمانلارنى مۇھاپىزەت قىلىش توغرىسىدا

يېڭى ئورمان قانۇنىنىڭ 24 - ماددا 1 - تارمىقىدا: تەبىئىي ئورمانلارنى مۇھاپىزەت قىلىش توغرىسىدا بەلگىلىمە چىقىرىلدى. يەنى تەبىئىي مۇھاپىزەت رايونىنىڭ دائىرىسىگە «تەبىئىي ئورمان رايونى» قوشۇلدى. بۇ ئېلىمىزدە تەشكىللەپ يولغا قويۇلۇۋاتقان تەبىئىي ئورمانلارنى مۇھاپىزەت قىلىش قۇرۇلۇشى ۋە ئۆسۈملۈكلەرنى كۆپ خىل مۇھاپىزەت قىلىشنىڭ ئورمان قانۇنىدا كونكرېت گەۋدىلەندۈرۈلۈشىدۇر.

8. ئورمان جامائەت خەۋپسىزلىك ئورگانلىرى ۋە قوراللىق ئورمان ساقچى قىسىملىرى توغرىسىدا

يېڭى ئورمان قانۇنىنىڭ 20 - ماددا 1 - تارمىقىدا: ئورمان جامائەت خەۋپسىزلىك ئورگانلىرىنىڭ مەسئۇلىيىتى بەلگىلەندى. ئورمان جامائەت خەۋپسىزلىك ئورگانلىرى ھەم دۆلەت جامائەت خەۋپسىزلىك ئورگانلىرىنىڭ تەركىبىي قىسمى، ھەم ئورمانچىلىق مەسئۇل تارمىقىدىكى قانۇن ئىجرا قىلىدىغان بىر مۇھىم كۈچ ھېسابلىنىدۇ. ئورمان جامائەت خەۋپسىزلىك ئورگانلىرى ئورمانچىلىق ۋە جامائەت خەۋپسىزلىك ئورگانلىرىنىڭ قوش رەھبەرلىكىدە بولىدۇ، ئورمانچىلىق

باشقۇرۇشنى ئاساس قىلىش تۈزۈلمىسى يولغا قويۇلدۇ. ئېلىمىزنىڭ ئورمان جامائەت خەۋپسىزلىك ئورگانلىرى ئەڭ ئاۋۋال 50 ـ يىللارنىڭ دەسلەپكى مەزگىللىرىدىلا قۇرۇلغان بولۇپ، ھازىر پۈتۈن مەملىكىتىمىزنىڭ ھەر قايسى جايلىرىغا تارقالدى. ئەسلىدىكى ئورمان قانۇنىدا ئورمان جامائەت خەۋپسىزلىك ئورگانلىرى توغرىسىدا بەلگىلىمە يوق بولۇپ، بۇ ئۇلارنىڭ ئورمان بايلىقىنى مۇھاپىزەت قىلىش جەھەتتىكى مۇھىم رولىنى تولۇق جارى قىلدۇرۇشقا پايدىسىز ئىدى. يېڭى ئورمان قانۇنىدا دۆلىتىمىزنىڭ ئەمەلىي ئەھۋالىغا ئاساسەن، ئورمان جامائەت خەۋپسىزلىك ئورگانلىرى ئۆز تەۋەلىكىنىڭ جەمئىيەت ئامانلىقى تەرتىپىنى ساقلاشقا، ئۆز تەۋەلىكىدىكى ئورمان بايلىقىنى مۇھاپىزەت قىلىشقا مەسئۇل بولىدۇ، دەپ بەلگىلەندى ھەمدە گوۋۇيۈەننىڭ ئورمانچىلىق مەسئۇل تارمىقى بەرگەن ھوقۇق دائىرىسىدە ئورمان ياكى دەل ـ دەرەخلەرنى ئوغرىلىقچە كېسىش، دەل ـ دەرەخ كېسىش ئىجازەتنامىسىنى ئېلىپ ـ سېتىش، قانۇنسىز يەر ئۆزلەشتۈرۈش، تاش، قۇم، شېغىل، توپا ئېلىش قاتارلىق قىلمىشلارغا مەمۇرىي چارە كۆرۈش ھوقۇقىنى ۋاكالىتەن يۈرگۈزسە بولىدۇ، دەپ بەلگىلەندى. يېڭى ئورمان قانۇنىنىڭ 20 ـ ماددا 2 ـ تارمىقىدا: قورال‌لىق ئورمان ساقچى قىسىملىرىنىڭ ئاساسىي ۋەزىپىسى بەلگىلەندى. ئەسلىدىكى ئورمان قانۇنىدا قورال‌لىق ئورمان ساقچى قىسىملىرى توغرىسىدا بەلگىلىمە يوق ئىدى. قورال‌لىق ئورمان ساقچى قىسىملىرى شەرقىي شىمال، ئىچكى موڭغۇل ئاپتونوم رايونى، غەربىي جەنۇبتىكى دۆلەت ئىلكىدىكى ئورمانچىلىق رايونلىرىدا مۇداپىئەدە تۇرۇۋاتقان بىر كەسپىي قورال‌لىق كۈچ بولۇپ، دۆلەتنىڭ مۇناسىۋەتلىك بەلگىلىمىلىرىگە ئاساسەن ئۇلارنىڭ ئاساسىي ۋەزىپىسى ئورمان مۇھاپىزەت قىلىش، ئوت ئاپىتىنىڭ ئالدىنى ئېلىش، ئوت ئۆچۈرۈشتىن ئىبارەت. شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا يەنە ئاپەتتىن، خېيىمخەتەردىن قۇتقۇزۇش، چېگرا رايوننى قوغداش، ئورمان رايونىنىڭ جەمئىيەت ئامانلىقىنى قوغداش قاتارلىق ۋەزىپىلەرنى ئۈستىگە ئالىدۇ. بۇ قىسىم ئەڭ ئاۋۋال 1950 ـ يىلى قۇرۇلغان. قورال‌لىق ئورمان ساقچى قىسىملىرى جۇڭگو خەلق قورال‌لىق ساقچى قىسىملىرىنىڭ تەركىبىدە بولۇپ، مەركەز بىلەن يەرلىك ئورتاق باشقۇرۇش، يەرلىك باشقۇرۇشنى ئاساس قىلىش، ئورمانچىلىق مەسئۇل تارماقلىرى بىلەن جامائەت خەۋپسىزلىك ئورگانلىرى ئورتاق باشقۇرۇش، ئورمانچىلىق مەسئۇل تارماقلىرى باشقۇرۇشنى ئاساس قىلىش تۈزۈلمىسى يولغا قويۇلىدۇ.

9. ئەتىۋارلىق دەل ـ دەرەخلەر ۋە ئۇنىڭ مەھسۇلاتلىرى، تۇغۇندىلىرىنى ئىمپورت ـ ئېكسپورت قىلىشنى باشقۇرۇش توغرىسىدا

يېڭى ئورمان قانۇنىنىڭ 38 ـ ماددىسىدا: ئەتىۋارلىق دەل ـ دەرەخلەر ۋە ئۇنىڭ مەھسۇلاتلىرىنى، تۇغۇندىلىرىنى ئېكسپورت قىلىشنى مەنئى قىلىش، ئۇنىڭغا چەك قويۇش ۋە ئېكسپورت قىلىشنى تەستىقلاش تەرتىپى بەلگىلەندى. ئەتىۋارلىق دەل ـ دەرەخلەرنى ئىمپورت ـ ئېكسپورت قىلىشنى باشقۇرۇش دۆلىتىمىزدىكى ئەتىۋارلىق دەل ـ دەرەخلەرنى مۇھاپىزەت قىلىش ۋە ئۇنى باشقۇرۇش خىزمىتىگە بىۋاسىتە چېتىلىدۇ. ئەسلىدىكى ئورمان قانۇنىدا ئىمپورت ـ ئېكسپورتنى باشقۇرۇش توغرىسىدا بەلگىلىمە يوق ئىدى، ئەمەلىيەت داۋامىدا ئەتىۋارلىق دەل ـ دەرەخلەر ۋە ئۇنىڭ مەھسۇلاتلىرى، تۇغۇندىلىرىنى (تۇغۇندىلىرى ئەتىۋارلىق دەل ـ دەرەخلەرنىڭ خالىغان قىسمى، يېزىقچە ئىزاھاتلاردا خاتىرىلەنگەن ئەتىۋارلىق دەل ـ دەرەخلەرنىڭ تەركىبى بولغان ئۇنىڭ يىلتىزى، غولى، كۆچىتى، بىخى، يوپۇرمىقى، مېۋىسى، باشاقلىرى قاتارلىقلارنى ئۆز ئىچىگە ئالغان ھەرقانداق مەھسۇلاتلارنى كۆرسىتىدۇ) قانۇنسىز ئىمپورت ـ ئېكسپورت قىلىدىغان ئەھۋاللار نىسبەتەن ئېغىر بولۇپ، بەزى ئەتىۋارلىق دەل ـ دەرەخلەر خەتەرلىك ئەھۋالغا چۈشۈپ قالدى. دۆلىتىمىز قاتناشقان «خەتەرلىك ئەھۋالدا قالغان ياۋايى ھايۋاناتلار ۋە ئۆسۈملۈكلەر خەلقئارا سودا ئەھدىنامىسى» ۋە مۇناسىۋەتلىك خەلقئارا ئەھدىنامىلەردىمۇ مەملىكەت ئىچىدە قانۇن تۇرغۇزۇپ، بۇ بىر قىسىم ھايۋاناتلار ۋە ئۆسۈملۈكلەرنى ئىمپورت ـ ئېكسپورت قىلىشنى باشقۇرۇشنى كۈچەيتىش تەلەپ قىلىندى.

10. قانۇنىي جاۋابكارلىق توغرىسىدا

ئەسلىدىكى ئورمان قانۇنىدا قانۇنىي جاۋابكارلىق توغرىسىدىكى بەلگىلىمە دىگەندەك ئەتراپلىق مۇكەممەل بولمىغان. بۇ قېتىم تۈزىتىش كىرگۈزۈشتە

چارە كۆرۈش سالمىقى زورايتىلدى. ئۇنىڭ مۇھىم ئىپادىسى: ئورمان ۋە باشقا دەل - دەرەخلەرنى ئوغرىلىقچە كەسكەن ۋە قالايمىقان كەسكەنلەرگە چارە كۆرۈشتە كۆرۈلىدۇ. بىرىنچى، ئەسلىدىكى «ئورمانچىلىق مەسئۇل تارمىقى زىياننى تۆلەشكە بۇيرۇيدۇ» دېگەن بەلگىلىمە «زىياننى قانۇن بويىچە تۆلەيدۇ» دەپ تۈزىتىلدى؛ ئىككىنچى، «ئوغرىلىقچە كېسىلگەن دەل - دەرەخ ياكى ئۇنىڭدىن قىلىنغان تاپاۋەت مۇسادىرە قىلىنىدۇ» دېگەن بەلگىلىمە قوشۇلدى؛ ئۈچىنچى، «دەرەخ تولۇقلاپ تىكىشنى رەت قىلغانلار ياكى تولۇقلاپ تىككىنى دۆلەتنىڭ ئالاقىدار بەلگىلىمىسىگە ئۇيغۇن بولمىغانلارنىڭكىنى ئورمانچىلىق مەسئۇل تارمىقى ۋاكالىتەن تولۇقلاپ تىكىدۇ، كەتكەن خىراجەتنى قانۇنغا خىلاپلىق قىلغۇچى تۆلەيدۇ.» دېگەن بەلگىلىمە قوشۇلدى. ئەتىۋارلىق دەل - دەرەخلەرنى قانۇنسىز كەسكەن، ۋەيران قىلغانلارغا چارە كۆرۈش توغرىسىدا، جىنايى جاۋابكارلىقى قانۇن بويىچە سۈرۈشتۈرۈلىدۇ، دېگەن بەلگىلىمە قوشۇلدى. كېسىش نورمىسىدىن ئاشۇرۇپ كەسكەنلەرگە ياكى خىزمەت ھوقۇقىدىن ھالقىپ ئىجازەتنامە، گۇۋاھنامە تارقاتقانلارنىڭ دائىرىسى ياغاچ ماتېرىيالى توشۇش گۇۋاھنامىسى، ئېكسپورت تەستىق ھۆججىتى، ئىمپورت - ئېكسپورت رۇخسەت ئىسپاتىغىچە كېڭەيتىلدى؛ ئىككىنچى، «بىر دەرىجە يۇقىرى خەلق ھۆكۈمىتىنىڭ ئورمانچىلىق مەسئۇل تارمىقى تۈزىتىشكە بۇيرۇيدۇ، بىۋاسىتە جاۋابكار مەسئۇل خادىم ۋە باشقا بىۋاسىتە جاۋابكارلارغا قانۇن بويىچە مەمۇرىي چارە كۆرىدۇ.» دېگەن بەلگىلىمە قوشۇلدى؛ ئۈچىنچى، «ئالاقىدار خەلق ھۆكۈمىتىنىڭ ئورمانچىلىق مەسئۇل تارمىقى تۈزەتكۈزەلمىسە، گوۋۇيۈەننىڭ ئورمانچىلىق مەسئۇل تارمىقى بىۋاسىتە بىر تەرەپ قىلسا بولىدۇ.» دەپ ئېنىق بەلگىلەندى. ئالاقىدار گۇۋاھنامە، ھۆججەتلەرنى ئېلىپ - ساتقان ياكى يالغاندىن ياسىۋالغانلارغا چارە كۆرۈش توغرىسىدا، بىرىنچى، گۇۋاھنامىلەرنى ئېلىپ - ساتقانلارنىڭ گۇۋاھنامىسى، ھۆججىتى ۋە قانۇنسىز تاپاۋىتىنى ئورمانچىلىق مەسئۇل تارمىقى مۇسادىرە قىلىدۇ ھەم جەرىمانە قويىدۇ؛ ئىككىنچى، گۇۋاھنامە، ھۆججەتلەرنى ئېلىپ - سېتىپ ياكى يالغاندىن ياسىۋېلىپ جىنايەت شەكىللەندۈرگەنلەرنىڭ جىنايى جاۋابكارلىقى قانۇن بويىچە سۈرۈشتۈرۈلىدۇ. ئورمان رايونىدا ئوغرىلىقچە كېسىلگەن، قالايمىقان كېسىلگەن دەل - دەرەخ ئىكەنلىكىنى بىلىپ تۇرۇپ، قانۇنسىز سېتىۋالغانلارغا چارە كۆرۈش توغرىسىدا، بىرىنچى، ئورمانچىلىق مەسئۇل تارمىقى قانۇنغا خىلاپ قىلمىشنى توختىتىشقا بۇيرۇيدۇ، قانۇنغا خىلاپ سېتىۋالغان دەل - دەرەخ ياكى ئۇنىڭدىن قىلغان تاپاۋەتنى مۇسادىرە قىلىدۇ، قوشۇمچە جەرىمانە قويسا بولىدۇ، دەپ ئېنىق بەلگىلىنىپ، ئەسلىدىكى سودا - سانائەت مەمۇرىي باشقۇرۇش تارمىقى بىر تەرەپ قىلىدۇ، دېگەن بەلگىلىمە ئۆزگەرتىلدى؛ ئىككىنچى، جىنايەت شەكىللەندۈرگەنلەرنىڭ جىنايى جاۋابكارلىقى قانۇن بويىچە سۈرۈشتۈرۈلىدۇ. يەر ئۆزلەشتۈرۈش، تاش - قۇم ئېلىش قاتارلىق سەۋەبلەر تۈپەيلىدىن ئورمان، دەل - دەرەخلەرنى ۋەيران قىلىۋەتكەن قىلمىشلارنى بىر تەرەپ قىلىش توغرىسىدا، بىرىنچى، ئەسلىدىكى «ئورمانچىلىق مەسئۇل تارمىقى زىياننى تۆلەشكە بۇيرۇيدۇ.» دېگەن بەلگىلىمە «قانۇن بويىچە زىياننى تۆلەيدۇ.» دەپ تۈزىتىلدى؛ ئىككىنچى، جەرىمانە قويۇپ چارە كۆرۈش كۆپەيتىلدى؛ ئۈچىنچى، «دەرەخ تولۇقلاپ تىكىشنى رەت قىلغانلار ياكى تولۇقلاپ تىككىنى دۆلەتنىڭ ئالاقىدار بەلگىلىمىسىگە ئۇيغۇن بولمىغانلارنىڭكىنى ئورمانچىلىق مەسئۇل تارمىقى ۋاكالىتەن تولۇقلاپ تىكىدۇ، كەتكەن خىراجەتنى قانۇنغا خىلاپلىق قىلغۇچى تۆلەيدۇ.» دېگەن بەلگىلىمە قوشۇلدى. دۆلەت ئورگانلىرىنىڭ خىزمەت خادىملىرىدىن خىزمەت ھوقۇقىدىن كەلسە - كەلمەس پايدىلانغان، خىزمەتتە بىپەرۋالىق قىلغان ۋە شۇ قاتارلىق قىلمىشلارنى سادىر قىلغانلارغا چارە كۆرۈش توغرىسىدا، ئورمانچىلىق مەسئۇل تارماقلىرىنىڭ خادىملىرى ۋە دۆلەتنىڭ باشقا ئورگانلىرىنىڭ ئالاقىدار خادىملىرىدىن ئورمانچىلىق باشقۇرۇش جەھەتتە خىزمەت ھوقۇقىدىن كەلسە - كەلمەس پايدىلىنىپ، خىزمەتتە بىپەرۋالىق قىلىپ، نەپسانىيەتچىلىك قىلىپ جىنايەت شەكىللەندۈرگەنلىرىنىڭ جىنايى جاۋابكارلىقى قانۇن بويىچە سۈرۈشتۈرۈلىدۇ؛ جىنايەت شەكىللەندۈرمىگەنلىرىگە قانۇن بويىچە مەمۇرىي چارە كۆرۈلىدۇ، دەپ ئېنىق بەلگىلەندى.

**(ئاپتور مەملىكەتلىك ئورمانچىلىق ئىدارىسى سىياسەت قانۇن - تۈزۈم مەھكىمىسىنىڭ مۇئاۋىن باشلىقى) مەملىكەتلىك خ ق دائىمىي كومىتېتىنىڭ «خەلق قۇرۇلتىيى خىزمەت خەۋىرى» دىن ئابدۇلئەھەت ھاجى تەرجىمىسى**

# كادىرلارغا باھا بېرىشتە ئۇسۇلغا دىققەت قىلىش كېرەك

يالقۇن ياقۇپ

مەيلى يىللىق خىزمەتلەرنى باھالاشتا بولسۇن، مەيلى ئىلغار تىپلارنى تورغۇزۇشتا بولسۇن يىللاردىن بۇيانقى ئەمەلىيەت شۇنى ئىسپاتلىدىكى، كادىرلارنىڭ خىزمىتىگە باھا بېرىشتە ئاز بولمىغان نورمالسىز ئەھۋاللار ھەر قايسى قاتلاملاردا مەۋجۇت بولۇپ باھا بېرىش بىر تەرەپلىمە، يۈزەكى ۋە ياكى مەلۇم ئىجتىمائىي مۇناسىۋەتنى ئارقا كۆرۈنۈش قىلغان بولغاچقا، خىزمەتنى ھەقىقىي ۋە ئەستايىدىل ئىشلىگەن ھەم خىزمەتتە مۇئەييەن نەتىجە ھاسىل قىلغان كادىرلار بىلەن خىزمەتتە مەسئۇلىيەتسىزلىك قىلىدىغان، قولىنىڭ ئۇچىدا خىزمەت قىلىدىغان يۈزەكىچىلەرنى ھەقىقىي توغرا پەرقلەندۈرمەسلىك ۋە ئۇلارنىڭ خىزمىتىگە توغرا باھا بەرمەسلىك ئەھۋاللىرى ساقلىنىپ كەلمەكتە. بۇ خىزمەتچىلەرنىڭ ئاكتىپچانلىقىغا تەسىر كۆرسىتىپ خىزمەتكە بالدۇرقىدەك ئەستايىدىل قارىمايدىغان، ئاۋارىچىلىقتىن قاچىدىغان، سۇنىڭ ئېقىشىغا بېقىپ يول تۇتىدىغان ئۆزگىرىشلەرنى كەلتۈرۈپ چىقارماقتا. مۇنداق ئەھۋاللار خىزمەت ئىقتىدارىغا ئىگە بەزى كادىرلار ۋە خىزمەتچىلەرنى ئاسانلا كاردىن چىقىرىپ قويۇشى مۇمكىن. شۇڭا، كادىرلارغا باھا بېرىشتە ئۇسۇلغا دىققەت قىلىش ئىنتايىن مۇھىم. ئەگەر ئۇسۇلى توغرا بولمايدىكەن، ئۇنىڭدىن ئېرىشمەكچى بولغان نەتىجىمۇ كۆڭۈلدىكىدەك بولۇشى ناتايىن. شۇنىڭ ئۈچۈن تۆۋەندىكىدەك بىر قانچە نۇقتىلارغا ئەھمىيەت بېرىش كېرەك.

1. كادىرلارغا باھا بېرىشتە نوقۇل ھالدا بۆلۈم دەرىجىلىك ياكى ئۇنىڭدىن يۇقىرى ۋە ياكى تۆۋەن دەرىجىلىك رەھبىرىي كادىرلارنىڭ بەرگەن باھاسىنى ئاساس قىلىپ تۇرۇۋالماسلىق كېرەك. بۇ بىر تەرەپلىمە باھا بولۇپ كادىرلارغا ھەقىقىي باھا بېرىلدى دەپ ئېيتقىلى بولمايدۇ. چۈنكى ھەر قايسى قاتلام رەھبەرلىك ھەممە كادىرلار بىلەن ھەمىشە بىرلىكتە تۇرۇپ بىللە خىزمەت ئىشلەپ كېتەلمەيدۇ. خىزمەت ئېھتىياجى تۈپەيلىدىن بەزىلىرى مەلۇم خىزمەتتە بىللە بولسا، يەنە بەزىلىرى بىللە بولالمايدۇ. شۇنداق بولغاچقا كىمنىڭ خىزمەتنى ياخشى ئىشلەۋاتقانلىقىنى ياكى ئىشلىمەيۋاتقانلىقىنى بىلىپ كېتەلمەيدۇ. بىر، ئىككى كادىرنىڭ ئىشلىگەن خىزمىتىنى كۆرۈپ باشقا ياخشى ئىشلىگەنلەرنى كۆرەلمەي قېلىشى ئەلۋەتتە مۇمكىن. ئۇنىڭ ئۈستىگە ئايرىم كادىرلار خىزمەت ۋە ياكى باشقا ئىشلار تۈپەيلىدىن مەسئۇل كىشىلەر بىلەن ئارازلىق تۇغدۇرۇپ قويغان بولسا، شەك-شۈبھىسىزكى، ئۇلار خىزمەتنى قانچە ياخشى ئىشلىسىمۇ، رەھبەرلىكنىڭ ئۇلارغا بولغان باھاسى ئانچە ياخشى بولمايدۇ. شەخسىي ئارازلىقنى خىزمەتكە ئارىلاشتۇرۇپ، باشقىلارنىڭ خىزمىتىگە ھەقىقىي باھا بەرمەيلا قالماستىن، بەلكى ھەر خىل ئۇسۇللار ئارقىلىق ئۆزلىرىنىڭ ئاچچىقىنى چىقىرىۋالىدۇ. خىزمەت ئۈنۈمى يوق بولسىمۇ رەھبەرگە كۆڭلىنى يېقىن تۇتىدىغان ۋە پاي-پىتەك بولىدىغانلار رەھبەرنىڭ كۆزىگە ياخشى كۆرۈنىدۇ. ئۇلارنىڭ ئۆزى ئۈچۈن پالاقلىغان ھەرىكەتلىرى گويا مۈشكۈل خىزمەتتەك تۇيۇلۇپ، خىزمەتتە ئاكتىپ باھالانغانلار قاتارىغا كىرگۈزۈلىدۇ، ئەكسىچە بىر قىسىم كادىرلار ئۆزى جىمغۇر يۈرگەن بىلەن خىزمەت ۋە باشقا جەھەتلەردە نەتىجە يا-

راتىمىز . ئۇلارغا ھېچكىمنىڭ نەزەرى چۈشمەيدۇ .
جۈملىدىن ھەر قايسى قاتلام رەھبىرىي كادىرلار ئۇلارنى
بىلىپ يېتەلمەيدۇ ھەمدە شۇ ۋەجىدىن باھالاش ئوبيېك-
تىغىمۇ كىرەلمەيدۇ . بۇنىڭدىن كۆرۈۋېلىشقا بولى-
دۇكى ، ھەر دەرىجىلىك رەھبىرىي كادىرلارنىڭ ھەممى-
نى بىلىپ كېتىشى ، ھەممىگە توغرا باھا بېرىپ كې-
تەلىشى ناتايىن . شۇڭا ، كادىرلارغا باھا بېرىشتە نوقۇل
رەھبىرىي كادىرلارنىڭ باھاسىنى ئاساس قىلىپ تورۇ-
ۋالماسلىق كېرەك .

2 . كادىرلارغا باھا بېرىشتە شەخسىي سۆھ-
بەت ئۇسۇلىنى قوللىنىش كېرەك .

كادىرلارغا باھا بېرىشتە ئالدى بىلەن ھەر بىر
شەخسكە قەدەر سۆھبەت ئېلىپ بېرىش پىكىر ئالماش-
تۇرۇش كېرەك . بۇنداق قىلغاندا شەخسنىڭ ئىشلىگەن
خىزمەتلىرىنى ئەتراپلىق ۋە چوڭقۇر ئىگىلىگىلى ھەمدە
شۇ شەخسنىڭ خىزمەتنى ئىلگىرى سۈرۈشكە پايدىلىق
بولغان تەكلىپ پىكىرلىرىنى بىۋاسىتە ئاڭلىغىلى بو-
لىدۇ . بۇنىڭ بىلەن رەھبىرىي كادىرلار «ھەممە تەرەپ-
تىن ئاڭلىساڭ ئەھۋال ئېنىق بولىدۇ» دېگەننى ئىشقا
ئاشۇرۇپ ، كادىر ۋە خىزمەتچىلەرنىڭ بىر مەزگىللىك
خىزمەتلىرىگە ئادىل ، توغرا باھا بېرەلەيدۇ

3 . كادىرلارغا باھا بېرىشتە مۇناسىۋەت تو
رىنى بۇزۇۋشقا جۈرئەت قىلىش كېرەك .

مۇناسىۋەت تورىنى بۇزۇۋشقا جۈرئەت قىلغاندا
بىر تەرەپتىن ، مۇناسىۋەت توردىكىلەرنىڭ دېموكراتىيىنى
مونوپول قىلىۋېلىشىنى توسقىلى بولسا ، يەنە بىر تەرەپ-
تىن ، مۇناسىۋەت تورى سىرتىدىكىلەرنىڭ ئۆزلىرىنىڭ
خىزمەتلىرىنى يۈرەكلىك ھالدا ئوتتۇرىغا قويۇش ۋە خىز-
مىتىگە قارىتا ھەقىقىي ۋە توغرا باھا بەرگۈزۈشنىڭ ياخشى
شارائىتىغا ئىگە بولۇش پۇرسىتىنى ھازىرلىيالايدۇ .
قىسقىسى ، ئۆزلىرىنىڭ دېمو
كراتىك ھوقۇقىنى ھەقىقىي مەنىسى بىلەن جارى
قىلدۇرالايدۇ .

دېمەك ، يۇقىرىقىدەك بىر قانچە نۇقتىلارغا
ئەھمىيەت بەرگەندە ھەم كادىرلارغا توغرا باھا بېرىپ
خىزمەتلەرنى ئىلگىرى سۈرگىلى ، ھەم ئىقتىدارلىق تايانچ
كادىرلارنى ، ئىزباسارلارنى توغرا بايقاپ ، ئۇلارنى
ئۆز رولىنى جارى قىلدۇرۇش ، سوتسىيالىستىك زامانىۋى-
لاشتۇرۇش قۇرۇلۇشى ئۈچۈن تۆھپە قوشۇشتىن ئىبارەت
شەرەپلىك ۋەزىپىنى غەلىبىلىك ئورۇنداش پۇرسىتىگە ئىگە
قىلغىلى بولىدۇ .

(ئاپتور قىزىلسۇ ئوبلاستلىق مائارىپ
كومىتېتى ئوقۇتۇش - تەتقىقات ئىشخانىسىدىن)

# تېلېفون ئالغاندا...

بەزىلەر تېلېفون ئالغاندا تېلېفون قوڭغۇرىقى
جىرىڭلاشتىن توختىماي تۇرۇپلا تۇرۇپكىنى قولغا ئالىدۇ
مۇنداق ئەھۋال داۋاملىشىۋەرسە ، قارشى تەرەپنىڭ ئاۋا-
زىنى ئاڭلىغىلى بولمايدىغان ھەمدە تېلېفوندىن غەيرى
ئاۋاز چىقىدىغان بولۇپ قالىدۇ . تېلېفون ئاپپاراتىنىڭ
ئۆمرىمۇ قىسقىراپ كېتىدۇ . بۇنىڭ سەۋەبى شۇكى ،
تېلېفون جىرىڭلىغاندا سىرتقى سىمدىن 80 ۋولتلۇق
ئېلېكتر ئېقىمى كىرىپ تېلېفون قوڭغۇرىقىنى جە-
رىڭلىتىدۇ ، جىرىڭلاشتىن توختىماي تۇرۇپ تۇرۇپكىنى
قولغا ئېلىۋالساق توك ئېقىمى تۇرۇپكىغا كىرىپ كې-
تىپ تۇرۇپكىنىڭ ماگنىتلىق خۇسۇسىيىتىنى ئاجىز-
لىتىۋېتىدۇ ھەمدە تۇرۇپكىنىڭ سەزگۈرلۈك دەرىجىسى-
نى تۆۋەنلىتىۋېتىدۇ ، ھەتتا بەزىدە تۇرۇپكىنى كاردىن
چىقىرىۋېتىشىمۇ مۇمكىن . شۇڭا تېلېفون قوڭغۇرىقى
جىرىڭلاشتىن توختىغاندىن كېيىن ئاندىن تۇرۇپكىنى
ئېلىش لازىم

ئىلياس تەييارلىغان



# چىرىكلىككە قارشى كۈرەشنى يۇقىرى ئەۋجىگە كۆتۈرۈپ، دۆلەتنى قانۇن بويىچە ئىدارە قىلايلى

مەمتىمىن ئابلىز

چىرىكلىك نەچچە مىڭ يىلدىن بۇيان ھەقنى ئاستىن ناھەقنى ئۈستۈن قىلىدىغان ئادالەتنىڭ كۈشەندىسى سۈپىتىدە، ئىنسانىيەتنىڭ تەرەققىيات سالمىقىغا ئوڭ تاناسىپ ھالدا ياندىشىپ كەلدى. رەزىللىككە يان بېسىپ گۈزەللىكنى دەپسەندە قىلىپ ئاۋامغا ئاپەت بولدى. چىرىكلىك ياخشى كېتىۋاتقان سىياسىي، ئىجتىمائىي تۈرمۇشنىڭ ھۇلىنى زەيلىتىپ ھاكىمىيەت بېشىدىكى كۈچىنىڭ داۋاملىق ھاكىمىيەت يۈرگۈزۈشى ياكى ھالاك بولۇشىغا مۇناسىۋەتلىك زور مەسىلىگە ئايلاندى. ئىنسانىيەت ۋە ھەققانىيەتنىڭ دۈشمىنى بولغان بۇ چىرىكلىكنى قانداق قىلىپ يوقىتىش مەسىلىسى تارىختىن بۇيانقى سىياسىئونلارنى ئازابلاپ كەلدى. ئېلىمىز چىرىكلىكنى يوقىتىشتا بالدۇر ئويغىنىپ، دانا تەدبىر، كەسكىن ھەرىكەت قوللىنىپ زور مۇۋەپپەقىيەتلەرنى قولغا كەلتۈرگەن بولسىمۇ، لېكىن چىرىكلىككە قارشى تۇرۇشنىڭ خەلقئارا قەدەم بىرلىكى بولمىغاچقا ئاپەتنىڭ يىلتىزى يەنىلا تۈپتىن قۇرۇتۇلماي كېلىۋاتىدۇ.

ئېلىمىز ئىسلاھات ئېلىپ بارغان ۋە ئىشىكنى سىرتقا ئېچىۋەتكەندىن بۇيان مائارىپ، پەن- تېخنىكا، مەدەنىيەت، ئىقتىساد تېز سۈرئەتتە تەرەققىي قىلىپ خەلق تۇرمۇشى ياخشىلاندى، بازار ئىگىلىكىدىن ئىبارەت زور دولقۇندا جۇشقۇن رىقابەت قايناملىرى ئەۋج ئالدى. رەڭگارەڭ تاۋار دۇنياسىدىكى ئۇچۇر ۋە ئوبوروتنىڭ تېزلىكىدىن، راستى بىلەن ساختىسىنى پەرق ئېتەلەيدىغان دەرىجىدە كۆزلەر قامىشىپ ئالاچەكمەن بولۇپ كەتتى. تەرەققىياتتىن ھەقىقەتەن ئاغزىمىز تاتلىق بولدى. ئەمما، تەرەققىيات ئاغزىمىزنى تاتلىق قىلىپ قويۇپ، ئۆزى تويىنىش دەرىجىسىگە يېقىنلاشماي تۇرۇپلا بەزى ئاچچىق ئاقىۋەتلەرنى ئېلىپ كەلدى. بارلىق كۆزلەر قايتىدىن ئېچىلىپ بارلىق قىسمەت قايتىدىن باغلانغاندەك، پۇل ھەممىدىن ئۈستۈن ئورۇنغا قويۇلدى، ۋىژدان، غورۇر، ئەخلاق، پەزىلەت قاتارلىق بىباھا ئەنگۈشتەرلىرىمىز پۇل ئالدىدا ئۆز خاسىيىتىنى يوقىتىپ ئاسانلا يەل قويۇۋېتىدىغان بولۇپ قالدى. ھوقۇق، شتات، سايلام ئاۋازى، خىزمەت تەقسىماتى، يۆتكىلىش تەستىقى، مەبلەغ تەستىقى، قۇرۇلۇش توختامى، چاقىرىق قەغىزى، جازا كەچۈرۈم قىلىش ... قاتارلىقلار قىسمەت نەپسانىيەتچىلىرىنىڭ قولىدا ئۆزىنىڭ ئالتۇنغا تېگىشكۈسىز سىياسىي، كەسپىي چىنلىقىنى ساقلىيالماي، غەيرى ئوبوروت ساھەسىدىكى بازىرى ئىتتىك تاۋارغا ئوخشاپ قالدى. شۇ سەۋەبتىن ئورگانلاردا مالىيە ھوقۇقى تالاشقا چۈشۈپ قالدى. تەشكىلات، كادىرلار ھوقۇقىمۇ ئەتراپتىكىلەر ھەۋەس قىلىدىغان ئالتۇن كۆزنەك بولۇپ قالدى. بۇ ھوقۇقلارنى تۇتقانلار ئاسان ئۆسەرمىش ۋە ئاسان باي بولارمىش ۋەھاكازالار.

خىيانەتچىلىك، پارا بېرىش- پارا ئېلىش، ھوقۇق ياكى خىزمەت قولايلىقىدىن پايدىلىنىپ ھۆججەت ياپسالاش قاتارلىق ئەپچىل چارىلەر بىلەن تىل بىرىكتۈرۈپ، بىر قولللۇق ياكى يېپىق يوللۇق ئېلىپ بېرىلىدىغان، ھېساب كۆرمىگۈچە پاش بولمايدىغان ياكى بىرەر

شەخسىي ئەرز قىلمايدىغان ئەۋزەل شارائىتقا ئىگە رەزىل قىلمىش بولغاچقا، پارىخورلارغا قارىغاندا داۋرىڭى كۆپ ئەمەس. ئەمما ئاممىنىڭ قارىشىدا پاش بولغانلىرىدىن پاش بولمىغانلىرى ئاز ئەمەس، بەزى مالىيە خىزمىتى ئىشلەيدىغانلارنىڭ تاشقى دۇنياسىغا نەزەر سالساق، ئۇلار بىر - ئىككى يىل پۇل باشقۇرۇپلا كاتتا ئۆي، ماشىنا، تراكتور سېتىۋالالايدۇ، يۇقىرى - تۆۋەن قاتراپ ئۆز دائىرىسىدىن ھالقىغان چوڭ ئىشلارنى ھەل قىلالايدۇ، كاتتا سورۇنلارنى ئۇيۇشتۇرالايدۇ. ھېسابىنى چۈشەندۈرۈپ قويۇشتىن قېچىپ يۇقىرىلارغا كىدىيىپ قوپاللىق قىلالايدۇ، گېزىت - ژۇرنال خىراجىتى قاتارلىق بەزى يوللۇق چىقىملارنى قىسىپ تېجەشلىك بولۇۋېلىپ، سىرتتا سەتەڭلەرگە مەرتلىك كۆرسىتىپ، چوڭ يەپ، چوڭ ئىچىپ كەتكەن چىقىمنى چىرايلىق نام بىلەن ئاتچوت قىلالايدۇ. بۇلارنىڭ ھەممىسىدىن ئادەمگە خىيانەتچىلىكنىڭ سېسىق ھىدى پۇراپ تۇرىدۇ.

بەزى يېزا - بازارلاردىكى مۇلازىمەت پونكىتى، ئامانەت قەرز كوپېراتىپى (بۇلار دېھقانلاردىن مەبلەغ يىغىش ئارقىلىق قۇرۇلغان) ۋە تەمىنلەش سودا كوپېراتىپلىرى دېھقانلارنى ماددىي ئەشيا ۋە مەبلەغ بىلەن تەمىنلەشتە ئۆز مەنپەئىتىنى ئويلاپ دېھقانلارنى زىيانغا ئۇچرىتىدىغان غەيرىي مۇلازىمەت يولىغا كىرىۋالغان. بۇ يىل سۇلياۋ يوپۇق زاۋۇتى بىلەن ئارىلىقى 30 كىلومېتىر كېلىدىغان بەزى يېزىلاردا سۇلياۋنىڭ ھەر كىلوگىرامى زاۋۇتتىن يەتتە يۈەندىن چىقىپ، دېھقانلارغا مەجبۇرىي ھالدا ئون يۈەندىن قەرزگە سېتىلغان.

بۇنداق مۇلازىمەتتىن دېھقانلار خېلى بۇرۇن تويغان بولسىمۇ قۇتۇلالماي كەلگەن، يەنە تۈرلۈك سېلىقلارنى كىشى بېشىغا كەلتۈرۈش جەھەتتىكى ئېگىز - پەسلىك، يىغىلغان سېلىقنى جايىغا ئىشلەتمەسلىك، شەخسىي پايدىنى دەپ نامۇۋاپىق قۇرۇلۇش قىلىش، بىر باشلىق ئالمىشىپ كەتسە، مالىيەدىن نەق پۇل قۇرۇغدىلىپ قەرز ھۆججىتى ئېشىپ قېلىش قاتارلىق كوللېكتىپ خاراكتېردىكى ئىشلارنىڭ ھەممىسىگە بىر خىل خۇسۇسىي خىيانەتچىلىك غەرىزى يوشۇرۇنغان.

چىرىكلىكنىڭ گەۋدىلىك ئىپادىسى بولغان پارىخورلۇقنى ئالساق، ئۇ ئىچىدىن تاقالغان ئىشخانا ۋە ئۆيلەردە ھاجەتمەن بىلەن ھەل قىلغۇچى ئوتتۇرىسىدا ۋال - ۋۇل كۆيۈپ ئىش پۈتۈرىدىغان بىردەملىك ئوتقا ئوخشايدۇ. سانسىزلىغان ناتوغرا مۇناسىۋەت نۇقتىلىرىدا خۇپىيانە كۆيۈۋاتقان بۇنداق ئوت ئوچاقلىرىنى شۇ ئىككى ئادەمدىن باشقىسى كۆرەلمەيدۇ. ئەمما ئوتنى پارىخورنىڭ نەپسى خۇمدىنى ھەش - پەش دېگۈچە يىغىشتۇرۇپ ئاغزىنى سۈرتىۋەتكەن بولسىمۇ، ئۇنىڭ سېسىق ئىس - تۈتەكلىرى ئۇزۇنغا قالماي بىخى يوق ئېغىزلاردىن كۆككە كۆتۈرۈلۈپ كوچىلارنى قاپلايدۇ.

ئاشۇنداق ئىس - تۈتەكلەرنىڭ ھىدىغا كۆنۈپ قالغىلى تۇرغان كوچىلاردىكى ئىجتىمائىي مۇناسىۋەتلەرنىڭ بىردەملىك توغرا كەسمە يۈزىگە نەزەر سالساق، بىر - بىرىنى رەت قىلماي كۆچۈپ يۈرىدىغان بۇنداق پىكىرلەرنى ئاڭلايمىز:

—«گاچا بولسىمۇ پۇلى بار سۆزلىسۇن» دېگەندەك ھازىر بەزى باشلىقلار دوست - ئاغىنە بولسىمۇ، قۇدا - باجا بولسىمۇ لوبىنلەر بىلەن بولىدىكەن قاراڭلار.

—بەزى يېزىلاردىمۇ «كەتمەن چاپقان جىگدە يەپتۇ، ئوڭدا ياتقان گىردە يەپتۇ» دېگەندەك دېھقانلار قەرزدىن قۇتۇلالمايدىكەن، باشلىقلىرى رېستورانلاردىن چىقالمايدىكەن.

—«قولۇڭدىن كەلسە ياغ چاينا» دېگەن شۇ.

—بەزى ئىدارىلەردە قۇرۇلۇش قىلدۇرسىمۇ، كادىر قوبۇل قىلسىمۇ، بىرىنچى قول باشلىقنىڭ گېپى گەپكەن. يەيدىغانىنىمۇ شۇ يەيدىكەن. شۇڭا كونىلار بىلىپ «تۆگىنىڭ قۇيرۇقى بولغۇچە قوشقاچنىڭ بېشى بول» دەپتىكەن.

— ھازىر «پۇلى بارنىڭ گېپى ئوڭ، پۇلى يوقنىڭ گېپى توڭ» بولۇۋاتىدۇ.

—«ئۆمۈچى يوق مازاردىن شەيخمۇ قاچىدۇ» ھازىر.

—«كەمبەغەلدىن جىنمۇ قاچىدۇ»

—ھازىر «پۇلۇڭ بولسا چاڭگالدا شورپا» تېپىلىدۇ دەيمەن.

ئادالەتسىز كونا جەمئىيەتتىن قالغان ئاشۇ بىر قاتار سەلبىي مەنىدىكى ماقال - تەمسىللەر ھازىر تەقدىرچىلىك ئىدىيىسى كۈچلۈك كىشىلەرنىڭ ئاغزىدا قايتا تىرىلىپ، چىرىكلىك ئۈستىدىن شىكايەت قىلغۇچىلارغا تەسەللىي بېرىدىغان ھېكمەتلىك داۋلىيغا

ئايلىنىپ قالدى. ماس كېلىدىغان يېرىنىڭ كۆپلۈكىدىن ئاسان تىلغا چىقىدىغان بولۇپ قالدى. هازىرقى ۋەزىيەتتە ئورگاندا بېجىرىدىغان بىرەر شەخسىي ئىش توغرىسىدا ھەر ساھە كىشىلىرىدىن ئايرىم مەسلىھەت سورىساق، بەزى ئۇقۇمۇشلۇق زىيالىيلارمۇ «پۇل بولسا جايىنى تېپىپ خەجلىيەلىسەڭلار ئاسان ھەل بولىدۇ» دەپ مەسلىھەت بېرىدۇ. يەنە بەزىلەر مۇناسىۋەتلىك ھۆججەت، بەلگىلىمىلەر بويىچە ھەل قىلىش يولىنى كۆرسىتىپ بېرىسىمۇ، ئاخىرىدا يەنە سوۋغا- سالام، پۇلنىڭ گېپىنى قوشۇپ قويىدۇ. بۇنىڭدىن كىشىلەرنىڭ چىرىكلىكتىن ئانچە ئەجەبلەنمەيدىغان دەرىجىگە يېتىپ قېلىۋاتقانلىقىنى كۆرگىلى بولىدۇ.

چۈنكى هازىرقى زامانىمىزنىڭ بەزى «لېي فېڭ»لىرىمۇ بىكارغا ياخشى ئىش قىلمايدىغان بولۇپ كەتتى. بەزى «جاڭ سېدى» لارمۇ ئاغزىدا خەلق ئۈچۈن خىزمەت قىلىشنى تەكىتلەپ، ئىچىدە ئۆز كۆمۈچىگە چوغ تارتىشنى ئويلايدۇ، بەزى «يۈيگۇڭ» لار تاغ يۆتكەش تۈگۈل، بىر قىل ياكى بىر تاشنى يۆتكىسىمۇ ئەتراپىدىكىلەرگە سېلىق چېچىپ ئارىدىن نەپ ئالىدىغان بولۇپ كەتتى. بەزى «بېيتۈن» لارمۇ هازىر دوختۇرخانىنىڭ «سودىلاشقىلى بولمايدىغان بازار» ئەۋزەللىكىدىن پايدىلىنىپ ئوپېراتسىيىگە پارا ئېلىپ، ئارقىدىن «ساقىيىپ قالسا بىزنىڭ تۆھپىمىز، ئۆلۈپ قالسا ئۆزەڭ ئىگە» دېگەن مەزمۇندا ئىمزا قويدۇرۇپ، مەسئۇلىيەتتىن قېچىپ پۇلغا يۈگرەيدىغان بولۇپ قالدى.

چىرىكلىكنىڭ يېڭى بىر خىل ئالامىتى بولغان ئىشقىۋازلىق بەزى ئەمەلدارلارنىڭ مەنىۋى ئېھتىياجىغا ئايلىنىپ قالدى. ئۇلارنىڭ سۆلىتىگە لايىق كاتتا بېزەلگەن ھۆسن تۈزەش ئورۇنلىرىدىكى چالا كېيىنگەن قىزلارنىڭ ئاتالمىش ئۇۋۇلاپ داۋالاش تۇرىدىكى دەرىجىدىن تاشقىرى مۇلازىمەتلىرى، خىزمەت ۋاقتىدىمۇ ئۇلارنىڭ نېرۋىسىنى غىدىقلاپ ئارىلىقنى يىراق، باھاسىنى قىممەت كۆرمەي كىرگۈسىنى كەلتۈرىدىغان بولۇپ قالدى. بەزىلەرنىڭ قولى ئىستىقبال بوسۇغىسىدا ئۆچرەتتە تۇرغان ئوقۇغۇچى قىزلارغا سوزۇلدى. بەزى قىز ئوقۇغۇچىلارنىڭ ئالىي مەكتەپكە كىرىش چاقىرىق قەغىزى، مەكتەپ پۈتتۈرۈش گۇۋاھنامىسى ياكى خىزمەتكە چىقىش ئۇقتۇرۇشى قاتارلىقلار بىباھا ئېيپەت- نومۇسىدىن كەچمىگىچە قولغا كەلمىگەن ئەھۋاللارنىمۇ ئاڭلىدۇق.

زامانىمىزدىكى چىرىكلىك ئەھۋالىنى مەن جەمئىيەت يۈزى بىلەن قەغەز يۈزى ئوتتۇرىسىدىكى ماسشتاپ بويىچە شۇنچىلىك يىغىنچاقلىغىنىم بىلەن، ئەمەلىيەتتە تېخىمۇ زور دەرىجىدە كېڭىيىپ كەتتى. ئۇنىڭ ئۇستىگە خۇسۇسىي ھەرىكەتتىن تەرەققىي قىلىپ تەشكىلىي ھەرىكەتكە ئۆتتى. هازىرقىدەك چىرىكلىك تارىختا ئاز ئۇچرايدۇ، ئۇ، پارتىيە ۋە ھۆكۈمەتنىڭ تەقدىرىگە بىۋاسىتە تەھدىت سالماقتا.

جۇڭگو كومپارتىيىسى ئەزەلدىن چىرىكلىككە قارشى قەتئىي كۈرەش قىلىپ كەلدى. ئون نەچچە يىلدىن بۇيان، پارتىيە مەركىزىي كومىتېتىنىڭ رەھبەرلىكىدە مەملىكەتلىك خەلق قۇرۇلتىيى ۋە ھەر دەرىجىلىك يەرلىك خەلق قۇرۇلتايلىرى ۋەزىيەتنىڭ ئېھتىياجىغا ئاساسەن، 2000 دىن ئارتۇق قانۇن، نىزاملارنى تۈزۈپ يولغا قويۇپ، دۆلەتنى قانۇن بويىچە ئىدارە قىلىشقا مۇستەھكەم ئاساس ياراتتى. بۇ پارتىيە مەركىزىي كومىتېتىنىڭ چىرىكلىككە قەتئىي قارشى تۇرۇش، ئۇنى ئاخىرغىچە بوشاشتۇرماسلىق ئىرادىسىنى تولۇق گەۋدىلەندۈرۈپ بېرىدۇ. ئۆتكەنكى بىر قانچە يىلدا مەركەز ۋە يەرلىك ئورۇنلار چىرىكلىكنى جازالاش، چوڭ، مۇھىم دېلولارنى بىر تەرەپ قىلىش سالمىقىنى ئاشۇرۇپ زور نەتىجىلەرنى قولغا كەلتۈردى. بۇلار بىزنىڭ چىرىكلىكنى چوقۇم تۈگىتەلەيدىغانلىقىمىزنىڭ ئىسپاتى. لېكىن چىرىكلىكنىڭ هازىرقى سالمىقىنىمۇ تۆۋەن مۆلچەرلەشكە بولمايدۇ، شۇڭا، چىرىكلىككە قارشى كۈرەشنى يۇقىرى ئەۋجىگە كۆتۈرۈپ، قولىمىزدىكى قانۇن قوراللىنى تولۇق ئىشقا سېلىپ، ئاكتىپ ئىدىيىۋى كۈرەشنى قانات يايدۇرۇپ، يۈكسەك ئىرادە، يۈز- خاتىرىسىز كەسكىن ھەرىكەت ۋە ئىگىلمەي سۇنماي ئېلىشىدىغان جەڭگىۋار روھ بىلەن چىرىكلىكنىڭ يىلتىزىنى بىر- بىرلەپ پالتا چېپىپ، دۆلەتنى قانۇن بويىچە ئىدارە قىلايلى.

**(ئاپتور قەشقەر يېڭىشەھەر ناھىيە ياپچان بازارلىق ھۆكۈمەتتىن)**

# نوپۇسنىڭ تېز كۆپىيىپ كېتىشى كەلتۈرۈپ چىقىرىۋاتقان ئىجتىمائىي مەسىلىلەر ۋە ئۇنى ھەل قىلىشنىڭ ئۇسۇللىرى توغرىسىدا

رەھىم يۈسۈپ

نوپۇس مەسىلىسى — دۆلىتىمىز نۆۋەتتە دۇچ
كېلىۋاتقان ئۈچ چوڭ مەسىلە (نوپۇس، بايلىق، مۇھىت)
ئىچىدىكى ئەڭ گەۋدىلىك، ئەڭ مۇھىم بولغان مەسىلە-
لەرنىڭ بىرى. شۇڭا باش شۇجى جياڭ زېمىن
جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسىنىڭ
مەملىكەتلىك 15 - قۇرۇلتىيىدا بەرگەن
دوكلاتىدا: «پىلانلىق تۇغۇت ۋە مۇھىت
ئاسراشتىن ئىبارەت تۈپ دۆلەت سىيا-
سىتىدە چىڭ تۇرۇش، ئىقتىسادىي
تەرەققىيات بىلەن نوپۇسنىڭ، باي-
لىقنىڭ ۋە مۇھىتنىڭ مۇناسىۋىتىنى
توغرا بىر تەرەپ قىلىش كېرەك».
(جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسى-
نىڭ مەملىكەتلىك 15 - قۇرۇلتىيىدا
بېرىلگەن دوكلات» ئۇيغۇرچە نەشرى،
56 - بەتكە قارالسۇن) دەپ كۆرسەتتى.
مەسىلىنىڭ مۇشۇنداق ئوتتۇرىغا قو-
يۇلۇشىنى دۆلىتىمىزنىڭ نۆۋەتتىكى
نوپۇس ۋەزىيىتى بەلگىلىگەن.

بىزگە مەلۇمكى، دۆلىتى-
مىز دۇنيا بويىچە نوپۇسى ئەڭ كۆپ
دۆلەتنىڭ بىرى. دۆلىتىمىز 1995 -
يىل 2 - ئاينىڭ 15 - كۈنى جۇڭگو
نوپۇسىنىڭ 1 مىليارد 200 مىليونغا
يەتكەنلىكى توغرىسىدا پۈتۈن مەملى-
كەت خەلقىغە ئاگاھلاندۇرۇش سىگنالى
بەرگەنىدى. بۈگۈنگە ھازىر تۆت يىل
بولدى. ئۇنىڭ ئۈستىگە ھازىر دۆلى-
تىمىزدە ھەر يىلى ئوتتۇرا ھېساب
بىلەن 20 مىليون بوۋاق تۇغۇلۇۋا-
تىدۇ. بۈگۈنگە كۆچمەن ئاھالىلەر ۋە
ئاققۇنلارنىڭ پىلانسىز، يوشۇرۇن تۇ-
غۇۋاتقان باللىرىنى قوشقاندا، جۇڭ-
گونىڭ ھازىرقى ئەمەلىي نوپۇسىنى 1
مىليارد 300 مىليوندىن تۆۋەن دېگىلى بول-
مايدۇ. بۇنچىلا كۆپ ئادەمنىڭ قورسىقىنى تويغۇ-
زۇش، ئىسسىق كىيىندۈرۈش مەسىلىسىنى ھەل قى-
لىش — دۆلىتىمىزدىكى ئەڭ مۇھىم بولغان چوڭ مە-
سىلىلەرنىڭ بىرى. بۇ مەسىلىنىڭ ياخشى ھەل قىلى-
نىش - قىلىنماسلىقى دۆلىتىمىزدىكى باشقا بارلىق
مەسىلىلەرنىڭ ياخشى ھەل قىلىش - قىلىنماسلىقىنى
بەلگىلەيدۇ.

دۆلىتىمىزدىكى نوپۇسنىڭ
تۈپ سانىنىڭ كۆپ بولۇشى ياكى نو-
پۇسىمىزنىڭ تېز كۆپىيىپ كېتى-
شى ئالدى بىلەن ئىجتىمائىي جە-
ھەتتە ئاساسىي تۇرمۇش ۋاسىتىلى-
رىنىڭ جىددىي ياكى قىس بولۇ-
شىنى كەلتۈرۈپ چىقارماقتا. بۇ
مەسىلە تۇرالغۇ ئۆي قىس بولۇش
مەسىلىسى، قاتناش قىس بولۇش
مەسىلىسى، داۋالىنىش قىيىن
بولۇش مەسىلىسى قاتارلىقلاردا ئى-
پادىلىنىدۇ.

تۇرالغۇ ئۆي قىس بو-
لۇش مەسىلىسىگە كەلسەك، بۇ
دۆلىتىمىزدىكى شەھەرلەر دۇچ كې-
لىۋاتقان ئومۇمىي ھادىسە. دۆلى-
تىمىز قۇرۇلغان ئازغىنە كەم 50
يىلدىن بۇيان، ھەر دەرىجىلىك
خەلق ھۆكۈمەتلىرى شەھەر ئاھالى-
لىرىنىڭ تۇرالغۇ ئۆي مەسىلىسىنى
ھەل قىلىش ئۈچۈن نۇرغۇن مەبلەغ
ئاجرىتىپ، رەت - رەت قەۋەتلىك
ئۆي ئىمارەتلەرنى سېلىپ كېلىۋات-
قان بولسىمۇ، لېكىن، ئۆي ئىما-
رەتلەر كۆپ سېلىنغانسېرى، تۇ-
رالغۇ ئۆي مەسىلىسىدە جىددىيچى-
لىك پەسىيگىنى يوق. بۇ شەھەر-
لەردە ئىشلەۋاتقان كىشىلەرگە چۈ-
شەندۈرۈش كەتمەيدىغان ئاددىي مىسال
. بۇنىڭ بۇنداق بولۇشىنى ھەر قايسى
شەھەرلەردىكى نوپۇسنىڭ ھەددىدىن زىيادە
تېز كۆپىيىپ كېتىشى كەلتۈرۈپ چىقارغان.

قاتناش قىس بولۇش مەسىلىسىگە كەلسەك،
بۇ مەسىلىدە ئىچكىرى ئۆلكىلەرگە بېرىپ باققان ھەر

بىر كىشىنىڭ چوڭقۇر تەسىراتى بار. قاتناش مىنىستىرلىكى يېقىندا تەمىنلىگەن سانلىق مەلۇماتقا ئاساسلانغاندا، دۆلىتىمىزدە ھەر كۈنى بىر مىليونغا يېقىن ئادەم پويىزغا چىققاندا، ئولتۇرىدىغان ئورۇن يوق، ئۆرە تۇرۇپ مېڭىشقا مەجبۇر بولىدىكەن. شەھەرلەردە ئوتتۇرا ھېساب بىلەن ھەر 2000 ئادەمگە بىر ئاپتوبۇس توغرا كېلىدىكەن. قاتناش قوراللىرىنىڭ كۆپىيىش سۈرئىتى نوپۇسنىڭ كۆپىيىش سۈرئىتىگە يېتىشەلمەسلىك مەسىلىسى دائىم يۈز بېرىپ تۇرىدىغان مەسىلە بولۇپ، ئۇ ھازىر بىزنىڭ جىددىي ھەل قىلىشىمىزنى كۈتۈپ تۇرماقتا. ①

داۋالىنىش قىيىن بولۇش مەسىلىسىگە كەلسەك، بۇمۇ دۆلىتىمىزدىكى بىر گەۋدىلىك مەسىلە، شەھەرلەردىكى دوختۇرخانىلارنىڭ نومۇر ئېلىش، دورا ئېلىش، كېسەل كۆرسىتىش ئورۇنلىرىغا قارايدىغان بولساق، ئۇ يەرلەردە يىلان باغرى ئۇزۇنغا سوزۇلغان قاتار - قاتار ئۆچرەتلەر كۆزىمىزگە چېلىقىدۇ. گەرچە دۆلىتىمىزنىڭ ساقلىقنى ساقلاش ساھەلىرى ناھايىتى زور تەرەققىياتلارغا ئېرىشكەن بولسىمۇ، لېكىن، نوپۇسىمىز تېز كۆپىيىپ كەتكەچكە، ھازىر دۆلىتىمىزدە ئوتتۇرا ھېساب بىلەن 700 دىن ئارتۇق ئادەمگە بىر دوختۇر، 1000 دىن ئارتۇق ئادەمگە بىر سېستىرا، 500 دىن ئارتۇق ئادەمگە بىر كېسەل كارىۋىتى توغرا كېلىدىغان بولۇپ قالدى. بۇنداق ئەھۋالدا داۋالىنىشنىڭ قىيىن بولماسلىقى مۇمكىنمۇ؟ ②

ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ نوپۇسى ئىچكىرى ئۆلكىلەرنىڭ نوپۇسىدىن كۆپ پەرقلىق (يەنى ئاز ياكى شالاڭ) بولسىمۇ، كارىۋات يېتىشمەي ياكى يالغۇز يېتىشمەي، دوختۇرخانىلارنىڭ كارىدورلىرىدا، جىددىي قۇتقۇزۇش ئۆيلىرىدە ۋاقىتلىق كارىۋات قويۇپ، يېتىپ كەتكەن بىمارلارنى ئۈرۈمچىدىكى دوختۇرخانىلار تۈگۈل بەزى ۋىلايەتلىك، ناھىيىلىك ۋە يېزىلىق دوختۇرخانىلاردىمۇ ئوخشاشلا ئۇچراتقىلى بولىدۇ. دېمەك، ئاساسىي تۇرمۇش ۋاسىتىلىرىنىڭ بۇنداق جىددىي ياكى قىس بولۇشىنى نوپۇسىمىزنىڭ تېز كۆپىيىپ كېتىشى كەلتۈرۈپ چىقارغان. بۇ نوپۇسنىڭ تېز كۆپىيىپ كېتىشى كەلتۈرۈپ چىقارغان بىرىنچى ئىجتىمائىي مەسىلە.

ئىككىنچى، نوپۇسنىڭ تېز كۆپىيىپ كېتىشى دۆلىتىمىزدىكى ئاھالە ئىچىدە قېرىلارنىڭ كۆپىيىپ كېتىشىنى كەلتۈرۈپ چىقارماقتا. شۇڭا باش شۇجى جياڭ زېمىن مۇشۇ مەسىلىنى كۆزدە تۇتۇپ، 15 - قۇرۇلتايىنىڭ سىياسىي دوكلاتىدا: «نوپۇسنىڭ كۆپىيىشىنى تىزگىنلەش، ئاھالە سۈپىتىنى ئۆستۈرۈش، ئاھالە ئىچىدە قېرىلار كۆپىيىپ كېتىش مەسىلىسىگە ئەھمىيەت بېرىش لازىم» دەپ كۆرسەتتى. ئاھالە ئىچىدە قېرىلارنىڭ كۆپىيىپ كېتىش مەسىلىسىگە ئالاھىدە ئەھمىيەت بېرىش — پارتىيىمىزنىڭ 15 - قۇرۇلتىيىدا مۇشۇنداق ئوتتۇرىغا قويۇلۇشى ئىلمىي ئاساسقا ئىگە بولۇپلا قالماستىن، بەلكى كۈچلۈك قاراتمىلىقى بولغان رېئال مەسىلە.

بىرلەشكەن دۆلەتلەر تەشكىلاتىنىڭ بەلگىلىمىسىگە ئاساسلانغاندا، ئەگەر بىر دۆلەتتە 65 ياشتىن ئاشقان قېرىلارنىڭ ئومۇمىي نوپۇس ئىچىدە ئىگىلىگەن نىسبىتى 7% كە يەتسە ياكى 60 ياشتىن ئاشقان قېرىلارنىڭ ئومۇمىي نوپۇس ئىچىدە ئىگىلىگەن نىسبىتى 10% كە يەتسە، ئۇ چاغدا بۇ دۆلەت قېرىلىق تىپىدىكى دۆلەت ھېسابلىنىدۇ. ③

جۇڭگو نوپۇسىنىڭ ئۈزلۈكسىز ئېشىپ بېرىشىغا ئەگىشىپ، دۆلىتىمىزدىكى قېرىلارنىڭ ئومۇمىي نوپۇس ئىچىدە ئىگىلىگەن نىسبىتى بارغانسېرى چوڭ بولماقتا. 1982 - يىلى دۆلىتىمىزدىكى قېرىلارنىڭ ئومۇمىي نوپۇس ئىچىدە ئىگىلىگەن نىسبىتى 7.7% بولغان بولسا، 1987 - يىلى 8.8 % كە يەتكەن. 1990 - يىلغا كەلگەندە، 60 ياشتىن ئاشقان قېرىلارنىڭ ئومۇمىي سانى 100 مىليونلۇق چوڭ ئۆتكەلنى بۆسۈپ ئۆتتى. مۆلچەرلىنىشچە، 2000 - يىلغا بارغاندا، دۆلىتىمىزدىكى قېرىلارنىڭ سانى 130 مىليونلۇق ئۆتكەلدىن ئۆتۈپ، ئومۇمىي نوپۇسنىڭ 10.4 % نى ئىگىلەيدىكەن. بۇ ھال بىزنىڭ قېرىلىق تىپىدىكى جەمئىيەتكە كىرىپ قالىدىغانلىقىمىزنى چۈشەندۈرۈپ بېرىدۇ. ④

ئاھالە ئىچىدە قېرىلارنىڭ كۆپىيىپ كېتىشى جەمئىيەتنىڭ يۈكىنى ئېغىرلاشتۇرۇۋېتىدۇ. مەلۇماتلارغا ئاساسلانغاندا، ھازىر دۆلىتىمىزنىڭ يېزا - قىشلاقلىرىدا جەمئىيەت تەرىپىدىن بېقىلىۋاتقان ئىگە - چاقىسىز قېرىلارنىڭ سانى 3 مىليونغا يېتىدىكەن. شەھەرلەردە دەم ئېلىشقا ۋە پېنسىيىگە چىققانلارنى بېقىش

ئۈچۈن دۆلەتنىڭ ھەر يىلى ئاجراتقان پۇلى نەچچە ئون مىلياردتىن ئېشىپ كېتىدىكەن. بۇ ھال مۇقەررەر جەمئىيەتنىڭ يۈكىنى ئېغىرلاشتۇرىدۇ، جەمئىيەتنىڭ يۈكى ئېغىرلاشقانسېرى، ئۇنىڭغا ئەگىشىپ كىشىلەرنىڭ تۇرمۇش سەۋىيىسى تۆۋەنلەپ كېتىدۇ.

تەرەققىي قىلغان دۆلەتلەر بىلەن دۆلىتىمىزنىڭ ئاھالىسى ئىچىدىكى قېرىلارنىڭ كۆپىيىپ كېتىش ھادىسىسى ئوتتۇرىسىدا روشەن ئوخشىماسلىق بار. تەرەققىي قىلغان دۆلەتلەردە ئىقتىساد تەرەققىي قىلغاندىن كېيىن، ئاندىن ئاھالە ئىچىدە قېرىلار كۆپىيىشكە باشلىغان. دۆلىتىمىزدە بولسا ئاھالە ئىچىدىكى قېرىلارنىڭ كۆپىيىپ كېتىشى ئىقتىساد تەرەققىي قىلىشتىن ئىلگىرى بارلىققا كېلىشكە باشلىدى. بىز ھازىر نوپۇسنىڭ تېز كۆپىيىپ كېتىشى بىلەن ئاھالە ئىچىدە يەنە قېرىلارنىڭ كۆپىيىپ كېتىشىدىن ئىبارەت ئىككى چوڭ مەسىلىگە دۇچ كەلمەكتىمىز. بۇ مەسىلىگە يۈكسەك دەرىجىدە ئەھمىيەت بەرمىسەك، ئۇ چاغدا بۇ مەسىلە چوڭ بىر ئاپەتكە ئايلىنىدۇ.

ئۈچىنچى، نوپۇسنىڭ تېز كۆپىيىپ كېتىشى ھازىرقى شارائىتتىكى ئىشقا ئورۇنلىشىشنىڭ قىيىن بولۇشىدىكى ئاساسىي سەۋەبلەرنىڭ بىرى. ئىشقا ئورۇنلىشىش قىيىن بولسا ياكى ئىش ئورنىدىن قالغانلار كۆپىيىپ كېتىپ، ئۇلارنىڭ مەسىلىسى ياخشى ھەل قىلىنمىسا، ئۇ چاغدا جەمئىيەتتە چوقۇم مۇقىمسىز ئامىللار كۆپىيىپ كېتىدۇ، بۇ ئۆز نۆۋىتىدە باشقا ئىقتىسادىي مەسىلىلەر بىلەن قوشۇلۇپ، ئىقتىسادنىڭ تەرەققىياتىغا توسالغۇ بولۇش بىلەن بىر ۋاقىتتا، بىر قاتار سىياسىي مەسىلىلەرنىمۇ كەلتۈرۈپ چىقىرىدۇ.

تۆتىنچى، نوپۇسنىڭ تېز كۆپىيىپ كېتىشى ساۋاتسىز ۋە چالا ساۋاتلار قوشۇنىنى كۆپەيتىپ، نوپۇس ساپاسىنىڭ تۆۋەنلەپ كېتىشىنى كەلتۈرۈپ چىقارماقتا. گەرچە دۆلىتىمىز ھەر يىلى مائارىپقا نۇرغۇن مەبلەغ ئاجرىتىۋاتقان بولسىمۇ، لېكىن مائارىپقا سېلىنىغان مەبلەغ بىلەن نوپۇسنىڭ ئېشىپ بېرىش سۈرئىتى ماس قەدەمدە بولمىغاچقا، يەنى مائارىپنىڭ تەرەققىياتى (مەكتەپلەرنىڭ سانى، ئوقۇتقۇچىلارنىڭ سانى، ئوقۇتۇش ئەسلىھەلىرى قاتارلىقلار) نوپۇسنىڭ تەرەققىياتىدىن ئارقىدا قالغاچقا، يەسلىگە كىرىش، باشلانغۇچ، ئوتتۇرا مەكتەپلەرگە ھەتتا ئالىي مەكتەپلەرگە كىرىش بارغانسېرى قىيىنلاشماقتا. بۇ خىل ئەھۋاللار ئاپتونوم رايونىمىزغا نىسبەتەن ئېيتقاندا، ئىچكىرى ئۆلكىلەردە تېخىمۇ گەۋدىلىك بولۇپ، شۇ جايلارنىڭ ئىقتىسادىي تەرەققىياتىغا چوڭ تەسىر كۆرسەتمەكتە. مەسىلەن، ھازىرقى مەكتەپلىرىمىز ئوقۇش يېشىغا يەتكەن بالىلارنى سىغدۇرۇپ كېتەلمىگەچكە، دۆلىتىمىزدىكى 15 ياشتىن يۇقىرى بولغان ساۋاتسىز ۋە چالا ساۋاتلارنىڭ سانى 180 مىليونغا يېتىپ قالدى.

مېيىپ، كەم ئەقىل، ئاجىز بالىلارنىڭ سانىمۇ ئۈزلۈكسىز كۆپىيىپ بارماقتا. بۇ ھال مۇقەررەر نوپۇسنىڭ پەن ـ مەدەنىيەت ساپاسىنىڭ تۆۋەنلەپ كېتىشىنى كەلتۈرۈپ چىقارماي قالمايدۇ.

دېمەك، نوپۇسنىڭ تېز كۆپىيىپ كېتىشى دۆلىتىمىز ھازىر دۇچ كېلىۋاتقان چوڭ كىرىزىسنىڭ بىرى. بىزنىڭ نوپۇس مەسىلىسىگە كۆڭۈل بۆلگەنلىكىمىز ئەمەلىيەتتە ئۆزىمىزنىڭ كەلگۈسى تەقدىرىگە جۈملىدىن ئۆزىمىزنىڭ ھايات ـ ماماتىغا كۆڭۈل بۆلگەنلىكىمىز بولىدۇ.

نوپۇسنىڭ تېز كۆپىيىپ كېتىشى يالغۇز يۇقىرىقىدەك ئىجتىمائىي مەسىلىلەرنى كەلتۈرۈپ چىقىرىپلا قالماستىن، بەلكى يەنە جەمئىيەتنىڭ ئىستېمال يۈكىنى ئېغىرلاشتۇرۇپ، دۆلەت جۇغلانمىسىغا ئېغىر تەسىر كۆرسىتىش، كىشىلەرنىڭ ئوتتۇرىچە تۇرمۇش سەۋىيىسىنىڭ يۇقىرى كۆتۈرۈلۈشىگە ئېغىر تەسىر كۆرسىتىش، بايلىقنىڭ خورىشىنى ئېغىرلاشتۇرۇش، مۇھىتنى ئېغىر دەرىجىدە بۇلغاش ... قاتارلىق بىر قاتار ئىقتىسادىي مەسىلىلەرنىمۇ كەلتۈرۈپ چىقىرىدۇ.

نوپۇسنىڭ تېز كۆپىيىپ كېتىشى تۈپەيلـ

دىن كېلىپ چىقىۋاتقان يۇقىرىقىدەك ئىجتىمائىي ۋە ئىقتىسادىي مەسىلىلەرنى ئۈنۈملۈك ھەل قىلىش ئۈچۈن ، مۇنداق ئۇسۇللارنى قوللىنىشقا ياكى ئەينەك قىلىشقا بولىدۇ.

1 . ئالدى بىلەن ھەر دەرىجىلىك رەھبەرلىك پىلانلىق تۇغۇتنى يولغا قويۇشتىن ئىبارەت تۈپ دۆلەت سىياسىتىگە بولغان تونۇشىنى يەنىمۇ يۇقىرى كۆتۈرۈشى، پىلانلىق تۇغۇتقا دائىر دۆلەتنىڭ ھەر خىل سىياسەتلىرىنى ئامىغا تەشۋىق قىلىش ۋە ئۇلارنى قوراللاندۇرۇشنى ئۆزلىرىنىڭ دائىملىق، ئۇزۇن مۇددەتلىك خىزمەتلىر كۈنتەرتىپىگە قويۇشى، ئايلىق، پەسىللىك ياكى يىللىق خىزمەتلەرنى ئورۇنلاشتۇرغاندا ياكى خۇلاسىلىگەندە، پىلانلىق تۇغۇت خىزمىتىنىڭ ئۆز جايلىرىمىزدا، ئۆز ئورنىمىزدا قانداق ئىشلەنگەنلىكىنى ئەستايىدىل تەكشۈرۈپ مېڭىشى، ئىقتىسادىي خىزمەتلەرنى تۇتقانغا ئوخشاش پىلانلىق تۇغۇت خىزمىتىنىمۇ بوشاشماستىن چىڭ تۇتۇشى كېرەك . ھەر قايسى جايلارنىڭ ئەمەلىيىتى شۇنى ئىسپاتلىدىكى، قايسى جايدىكى رەھبەرلىك پىلانلىق تۇغۇت خىزمىتىگە ئەھمىيەت بەرسە ، ئۆزى باشلامچىلىق بىلەن پىلانلىق تۇغۇتنى يولغا قويسا، شۇ جايدىكى پىلانلىق تۇغۇت خىزمىتى ياخشى ئىشلىنىدۇ، پىلانلىق تۇغۇتنى يولغا قويۇش شۇ جايدىكى ئاممىنىڭ ئاڭلىق ھەرىكىتىگە ئايلىنىدۇ. ئۇنىڭ ئەكسىچە بولغاندا، پىلانلىق تۇغۇتنى يولغا قويۇش دېگىنىمىز ئېغىزدىكى قۇرۇق گەپلا بولۇپ قالىدۇ. شۇڭا، بۇ يەردىكى ئاچقۇچ يەنىلا رەھبەرلىكتە.

2 . پىلانلىق تۇغۇتقا دائىر مۇكاپاتلاش ۋە جازالاش تۈزۈملىرىنى ئورنىتىش ۋە ئۇنى مۇكەممەللەشتۈرۈش كېرەك . بۇنىڭدا دۆلەتنىڭ سىياسىتىگە ئاڭلىق بويسۇنۇپ ، پىلانلىق تۇغۇتنى يولغا قويغان ئائىلىلەرنى مۇكاپاتلاشقا بولىدۇ. مەسىلەن، يېزىلاردا، پىلانلىق پەرزەنت كۆرگەن جۈملىدىن «پىلانلىق پەرزەنت كۆرۈش شەرەپ گۇۋاھنامىسى» ئالغان ئائىلىلەرنى ئالدى بىلەن دېھقانچىلىق قەرز پۇلى بىلەن تەمىنلەشكە، دېھقانچىلىق دورىلىرى ، سورتلۇق ئۇرۇق ، دېھقانچىلىق سايمانلىرى قاتارلىق ماددىي ئەشيالار بىلەن تەمىنلەشكە بولىدۇ . ئۇلارنىڭ پەرزەنتلىرى چوڭ بولغاندا ، يېزا - بازار كارخانىلىرىغا ئېتىبار بىلەن ئورۇنلاشتۇرۇشقا بولىدۇ . ئۆيلۈك يەر تەقسىم قىلىشتا ۋە تېرىلغۇ يەرلەرنى ئىشلىتىش ھوقۇقى جەھەتتە پىلانلىق تۇغۇتنى يولغا قويغان ئائىلىلەر ئالدى بىلەن بەھرىمەن بولۇشى كېرەك. شەھەرلەردە پىلانلىق تۇغۇتنى يولغا قويغان ئائىلىلەرنىڭ پەرزەنتلىرىگە مەلۇم مىقداردا تۇرمۇش ياردەم پۇلى بېرىشكە، ئۆي سېتىپ بەرگەندە ياكى تەقسىم قىلغاندا ، ئالدى بىلەن شۇلارنىڭ مەسىلىسىنى ھەل قىلىشنى كۈنتەرتىپكە كىرگۈزۈش ، شۇ ئاساستا ، ئۇلارنىڭ ھەر خىل ئىجتىمائىي پاراۋانلىق جەھەتتىكى تەمىناتىنى ئۆستۈرۈش كېرەك . شۇنىڭ بىلەن بىرگە ، پىلانسىز تۇغقان ياكى پىلانلىق تۇغۇت خىزمىتىگە توسالغۇلۇق قىلغانلارغا بولغان تەشۋىق - تەربىيە خىزمىتىنى كۈچەيتىش بىلەن بىرگە ، قايتا - قايتا تەربىيە بەرسىمۇ ئۈنۈمى كۆرۈلمىگەن ئائىلىلەرگە جازالاش چارىسىنى قوللىنىش كېرەك.

3 . تۇغۇت يېشىغا يەتكەن ئاما ئىچىدە ھامىلىدار بولۇشتىن ساقلىنىش، ياخشى تۇغۇپ، ياخشى تەربىيىلەشكە دائىر پەننىي بىلىملەرنى زور كۈچ بىلەن ئومۇملاشتۇرۇپ ، تۇغۇت يېشىغا يەتكەن ئامىمىنىڭ ھامىلىدارلىقتىن ساقلىنىش ئېھتىياجىنى بىخەتەر ، ئۈنۈملۈك، ئەپلىك ۋە ئەرزان بولغان دورا، سايمانلار بىلەن قاندۇرۇش كېرەك . شۇنىڭ بىلەن بىرگە ، قىز - يىگىتلەرنىڭ نىكاھلىنىش يېشىنى مۇۋاپىق دەرىجىدە ئۆستۈرۈشكىمۇ بولىدۇ . بۇنداق قىلىش بالدۇر نىكاھلىنىش ھادىسىلىرىنى ئازايتىپ، ئاياللارنىڭ تۇغۇت سەۋىيىسىنى تۆۋەنلىتىشكە پايدىلىق.

4 . ئاياللارنىڭ تەربىيە ئېلىش ۋە ئىشقا ئورۇنلىنىش پۇرسىتىنى كېڭەيتىش كېرەك. ئاياللار تۇغۇتنىڭ ئاساسىي گەۋدىسى ، ئاياللارنى تەربىيە ئېلىش پۇرسىتىگە ئىگە قىلىش ، تۇغۇت نىسبىتىنى تۆۋەنلە-

تىشتە سەل قارىغۇسىز مۇھىم رول ئوينايدۇ. تەلىم ـ
تەربىيە ئېلىش، ئاياللارنىڭ ئىجتىمائىي، ئىقتىسادىي
پائالىيەتلەرگە قاتنىشىش پۇرسىتىنى كۆپەيتىدۇ. تە-
لىم ـ تەربىيە كۆرگەن ياكى بىلىملىك ئاياللار تۇغۇت
ئىشىنى شەخسنىڭ ئىشى دەپ قارىماستىن، بەلكى ئۇ-
نىڭغا ئومۇملۇق نۇقتىسىدىن ئىلمىي پوزىتسىيە تۇتىدۇ
. ئاياللارنىڭ ئىشقا ئورۇنلىشىش نىسبىتى يۇقىرى كۆ-
تۈرۈلسە، ئۇلار ھەر خىل ئىش ئورۇنلىرىدا تۇغۇتنى
چەكلەشكە دائىر بىلىملەرنى ۋە تۇغۇتنى چەكلەش ئۇ-
سۇللىرىنى ئۆگىنىش ئىمكانىيىتىگە ئىگە بولىدۇ. بۇ
ئۆز نۆۋىتىدە يەنە ئاياللارنىڭ تۇغۇت نىسبىتىنى تۆۋەن-
لىتىشكە پايدىلىق.

5 . ساقلىقنى ساقلاش شارائىتلىرى ۋە بالى-
لارنىڭ قوۋۋەت قۇرۇلمىسىنى ياخشىلاپ، بوۋاقلارنىڭ
ئەي بولۇش نىسبىتىنى ئۆستۈرۈش كېرەك. ئاز
بولمىغان ئاتا ـ ئانىلار باللىرىنىڭ ئۆلۈپ كېتىش
خەۋپىنى كۆزدە تۇتۇپ، بىرسى ئۆلسە يەنە بىرسى قالى-
دىغۇ دېگەن ئوي بىلەن كۆپ تۇغۇش ئارقىلىق باللىرى-
نىڭ ئەي بولۇشىغا كاپالەتلىك قىلماقچى بولىدۇ. ساق-
لىقنى ساقلاش شارائىتلىرى ۋە ئەسلىھەلىرىنىڭ ناچار
بولۇشى تۈپەيلىدىن كېلىپ چىققان بوۋاقلارنىڭ ئۆلۈپ
كېتىش نىسبىتى، تۇغۇت نىسبىتىنىڭ يۇقىرى بولۇ-
شىنى كەلتۈرۈپ چىقىرىۋاتقان ئامىللارنىڭ بىرى. شۇڭا
، بوۋاقلارنىڭ ئۆلۈش نىسبىتىنى تۆۋەنلىتىش پىلانى،
ئەمەلىيەتتە تۇغۇت نىسبىتىنى تۆۋەنلىتىشتىن ئىبارەت
نوپۇس پىلانىدۇر.

6 . ياشانغانلارغا قارىتىلغان ھەر خىل ئىجـ-
تىمائىي سۇغۇرتا تۈزۈمىنى بەرپا قىلىش ۋە مۇكەممەل-
لەشتۈرۈش كېرەك. بىزدە «بالا باقسا قېرىغاندا ئاتا ـ ئا-
نىسىنى باقىدۇ» دەيدىغان ئەنئەنىۋى تۇغۇت كۆز قارىشى
بار. بۇ كۆز قاراشنىڭ مەۋجۇت بولۇپ تۇرۇشىنى ئۇزۇن-
دىن بۇيانقى جۇملىدىن ھازىرقى تۇرمۇشىمىزدىكى ئەمە-
لىي ئەھۋاللار بەلگىلىگەن. يېزىلاردا ياشانغانلارنى باقى-
دىغان سۇغۇرتا نىسبىتى تېخى بەرپا قىلىنغىنى يوق.
ئۇلار قېرىغاندا كاپالەتكە ئىگە بولمىغاچقا، يەنىلا بالى-
لىرىنىڭ بېقىشىغا تايانماي مۇمكىن ئەمەس. شۇنىڭ
ئۈچۈن، يېزا ۋە شەھەرلەردە ھەر خىل شەكىلدىكى سۇ-
غۇرتا ئىشلىرىنى زور كۈچ بىلەن راۋاجلاندۇرۇپ، قېرى-
غاندا ئۇلارنىڭ تۇرمۇشىغا كاپالەتلىك قىلىدىغان ئىجـ-
تىمائىي سۇغۇرتا تۈزۈمىنى بەرپا قىلىپ، ئۇنى تېخىمۇ
مۇكەممەللەشتۈرۈش كېرەك.

7. ھەر دەرىجىلىك ھۆكۈمەتلەر نوپۇسنى
تىزگىنلەش فۇنكسىيىسىنى كۈچەيتىش كېرەك. بۇ-
نىڭدا تايىنىدىغان ئۆلچەم، مۇكاپاتلاش، جازالاش شەرت-
لىرى بولۇش كېرەك. بۇ ئۆلچەم ۋە شەرتلەر دۆلىتى-
مىزنىڭ «پىلانلىق تۇغۇت قانۇنى» غا كىرگۈزۈلۈشى
كېرەك. ئېيتىسكى، ھازىرغا قەدەر بۇنداق بىر قانۇن
تۈزۈپ چىقىلغىنى يوق. «جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتى-
نىڭ پىلانلىق تۇغۇت قانۇنى» نى تۈزۈپ چىقىش ۋە ئۇنى
قانۇنىي ئۇسۇل بىلەن يولغا قويۇش — نۆۋەتتىكى دۆلى-
تىمىزنىڭ نوپۇس ۋەزىيىتىنىڭ ئوبيېكتىپ تەلىپى.
مۇشۇنداق بىر نوپۇزلۇق قانۇن بولغاندا، ئاندىن پىلانلىق
تۇغۇت خىزمىتىنى قانۇنچىلىق يولىغا سالالايمىز ھەمدە
نوپۇسنىڭ تېز كۆپىيىپ كېتىشى كەلتۈرۈپ چىقىرى-
ۋاتقان ئىجتىمائىي ۋە ئىقتىسادىي مەسىلىلەرنى ھەقىقىي
تۈردە ئۈنۈملۈك ھەل قىلىش مەقسىتىگە يېتەلەيمىز.

## پايدىلانغان ماتېرىياللار


1 . «جۇڭگو دۇچ كېلىۋاتقان چوڭ مەسىلىلەر»، 21 ـ ئەسىر
نەشرىياتى، 49 ـ 50 ـ بەتلەر.

2» «نوپۇسشۇناسلىق» سىچۇەن پەن ـ تېخنىكا نەشرىياتى،
187 ـ بەت.

3 . «پۇرسەت ۋە خىرىس» جۇڭگو ئىجتىمائىي پەنلەر نەشرىياتى،
171 ـ بەت.


4 . رەھىم يۈسۈپ: «نوپۇس نەزەرىيىسى توغرىسىدا ساۋات»
قەشقەر ئۇيغۇر نەشرىياتى. 49 ـ ۋە 95 ـ بەتلەر


(ئاپتور مەركىزىي مىللەتلەر ئۇنىۋېرسىتېتى
باشقۇرۇش كادىرلىرى ئىنستىتۇتىدىن)

# ۋەكىللەر خىزمىتىنى ياخشى ئىشلەپ، خەلق قۇرۇلتىيى خىزمىتىدە يېڭى ۋەزىيەت يارىتىش

*—قاغىلىق ناھىيىلىك خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتىنىڭ ۋەكىللەر خىزمىتىنى ياخشى ئىشلىگەنلىكى توغرىسىدا*

*ئىدرىس قادىر*



قاغىلىق ناھىيىسى قەشقەر ۋىلايىتىنىڭ جەنۇبىي قىسمىغا، قاراقۇرۇم تېغىنىڭ شىمالىي ئېتىكىگە، تارىم ئويمانلىقىنىڭ شەرقىي جەنۇبىي بۆلىكىگە جايلاشقان. ناھىيىنىڭ ئومۇمىي يەر كۆلىمى 28 مىڭ 300 كۋادرات كىلومېتىر. پۈتۈن ناھىيىدە 20 يېزا - بازار، بەش مەيدان بار. ئومۇمىي نوپۇسى 352 مىڭ 762 كىشى بولۇپ، 596 سايلام رايونىغا بۆلۈنگەن. ئومۇمىي سايلىغۇچى 169 مىڭ 47 نەپەر، سايلاپ چىقىلغان ئاپتونوم رايونلۇق خەلق قۇرۇلتىيى ۋەكىلى يەتتە نەپەر. ناھىيىلىك خەلق قۇرۇلتىيى ۋەكىلى 215 نەپەر، يېزا - بازارلىق خەلق قۇرۇلتىيى ۋەكىلى 1008 نەپەر. ئۈچ دەرىجىلىك خەلق قۇرۇلتىيى ۋەكىلى جەمئىي 1230 نەپەر، ۋەكىللەر ئىچىدە پارتىيە ئەزاسى 803 نەپەر بولۇپ، ۋەكىللەر ئومۇمىي سانىنىڭ 65.3% نى ئىگىلەيدۇ. ئوتتۇرا تېخنىكوم مەدەنىيەت سەۋىيىسىدىن يۇقىرى ۋەكىل 588 نەپەر بولۇپ، ئومۇمىي ۋەكىل سانىنىڭ 45.4% نى ئىگىلەيدۇ. ئوتتۇرا تېخنىكوم مەدەنىيەت سەۋىيىسىدىن تۆۋەن ۋەكىل 672 نەپەر بولۇپ، ئومۇمىي ۋەكىل سانىنىڭ 54.6% نى ئىگىلەيدۇ.

قاغىلىق ناھىيىلىك خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتى كۆپ يىللاردىن بۇيان «ئاساسىي قانۇن»، «يەرلىك تەشكىلىي قانۇن»، «ۋەكىللەر قانۇنى» قاتارلىقلارنى سىستېمىلىق ئۆگىنىش، ئەمەلىي خىزمەت ئىشلەش، تەجرىبە ساۋاقلارنى ئىزچىل يەكۈنلەش، ئىزدىنىش ئارقىلىق ھەر دەرىجىلىك خەلق قۇرۇلتايلىرى دۆلەتنىڭ ھاكىمىيەت ئورگىنى، خەلق قۇرۇلتىيى ۋەكىللىرى دۆلەت ھاكىمىيەت ئورگىنىنىڭ ئاساسىي گەۋدىسى ئىكەنلىكىنى، ۋەكىللەر خىزمىتىنى ياخشى ئىشلەش ياكى ياخشى ئىشلىيەلمەسلىك يەرلىك ھاكىمىيەت ئورگىنىنىڭ رولىنى جارى قىلدۇرۇش - قىلدۇرالماسلىققا بىۋاسىتە مۇناسىۋەتلىك ئىكەنلىكىنى، ۋەكىللەر خىزمىتىنى ياخشى ئىشلىگەنلىك خەلق قۇرۇلتىيى خىزمىتىنى ياخشى ئىشلىگەنلىك بولىدىغانلىقىنى چوڭقۇر تونۇپ يەتتى ۋە مۇشۇ تونۇش ئاساسىدا تۆۋەندىكى خىزمەتلەرنى ياخشى ئىشلىدى:

1. ۋەكىللەر خىزمىتىنى تەشكىلىي جەھەتتىن تولۇق كاپالەتكە ئىگە قىلدى.

ناھىيىلىك خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتى ئورگىنىدا ۋەكىللەر - كادىرلار خىزمىتى بۆلۈمى تەسىس قىلىپ، ئۇنىڭغا بىر نەپەر مۇئاۋىن مۇدىرنى مەسئۇل قىلغاندىن سىرت كۆپ يىللىق خىزمەت تەجرىبىسىگە ئىگە، سەۋىيىسى يۇقىرى، ئۆگىنىش، ئىزدىنىش، يېڭىلىق يارىتىش روھى كۈچلۈك بولغان بىر نەپەر يولداشنى بۆلۈمنىڭ باشلىقلىق ۋەزىپىسىگە قويدى. 1998 - يىللىق ئورگان ئىسلاھاتىدا ناھىيە بۇ بۆلۈمنى ئەمەلدىن قالدۇرۇشنى قارار قىلغان بولسىمۇ، ناھىيىلىك خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتى تەكلىپ بېرىش يولى بىلەن بۇ بۆلۈمنى قايتا ساقلاپ قالدى ۋە ئىككى نەپەر كەسپىي خادىمنى سەپلەپ بېرىپ ۋەكىل-

لەر خىزمىتىنى تەشكىلىي جەھەتتىن باشقۇرىدىغان مەخسۇس ئاپپارات ۋە ئادەم بولۇشقا كاپالەتلىك قىلدى.

2. ۋەكىللەرنىڭ ساپا قۇرۇلۇشىنى چىڭ تۇتتى.

خەلق ۋەكىللىرى ھەر دەرىجىلىك دۆلەت ھاكىمىيەت ئورگىنىنى تەشكىل قىلغۇچى خادىملار بولۇپ، ئۇلارنىڭ ساپاسىنىڭ قانداق بولۇشى ھەر دەرىجىلىك يەرلىك خەلق ھاكىمىيىتىنىڭ ھاكىمىيەت يۈرگۈزۈش سەۋىيىسىنىڭ قانداق بولۇشىغا بىۋاسىتە مۇناسىۋەتلىك. شۇنىڭ ئۈچۈن، بۇ ناھىيە ھەر قېتىملىق نۆۋەت ئالماشتۇرۇش سايلىمى ئېلىپ بېرىشتىن بۇرۇن، ۋەكىللەرنىڭ قۇرۇلما ۋە ساپا ئۆتكىلىنى چىڭ ئىگىلىدى. ۋەكىللەرنىڭ نامزات ئىسىملىكى كۆرستىلىشكە باشلىغاندا ناھىيىلىك خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتى رەھبەرلەرنىڭ يېتەكچىلىكىدە گۇرۇپپا تەشكىللەپ، ئاساسىي قاتلاملارغا چوڭقۇر چۆكۈپ، ۋەكىل نامزاتلىرىنىڭ ۋەكىللىك خاراكتېرى، مىللىتى، كەسىپ قۇرۇلمىسى، مەدەنىيەت ۋە بىلىم قۇرۇلمىسى، ياش قۇرۇلمىسى قاتارلىقلارنى چىڭ ئىگىلىگەندىن سىرت ئەڭ مۇھىمى ۋەكىللەرنىڭ سىياسىي ئىپادىسىنى ئالاھىدە ئېتىبار بىلەن تەكشۈرۈپ، مىللىي بۆلگۈنچىلىك ۋە قانۇنسىز دىنىي ھەرىكەتلەرگە بايرىقى روشەن، مەيدانى مۇستەھكەم ھالدا قارشى تۇرالايدىغان، ئىككى مەدەنىيلىك قۇرۇلۇشىدا باشلامچىلىق، نەمۇنىلىك رول ئوينىيالايدىغان، بەلگىلىك قانۇن بىلىملىرىگە ئىگە بولغان مۇنەۋۋەر كىشىلەرنىڭ خەلق قۇرۇلتىيى ۋەكىلى بولۇپ سايلىنىشىغا كاپالەتلىك قىلدى. ھەممە خەلق ۋەكىللىرى سايلاپ تۇرغۇزۇلغاندىن كېيىنمۇ، ئۇلارنىڭ ئىپادىسىگە قارىتا دائىملىق چۈشىنىش ئېلىپ باردى. ناھىيىدىكى خەلق قۇرۇلتىيى ۋەكىللىرى ئىچىدىن يەتتە نەپەر مەملىكەت دەرىجىلىك، يەتتە نەپەر ئاپتونوم رايون دەرىجىلىك نەمۇنىچى شەخسلەرنىڭ ئىش ـ ئىزلىرىنى يەكۈنلەپ، رادىئولاردا، مەتبۇئاتلاردا ئېلان قىلدۇرۇپ، بىر قەدەر ياخشى ئىجتىمائىي ئۈنۈم ھاسىل قىلدى. شۇنىڭ بىلەن بىرگە ۋەكىللەر ئارىسىدىكى سىياسىي ئىپادىسى ياخشى بولمىغان، ئەمما ئارىسىدا ناچار تەسىر پەيدا قىلغان، ۋەكىللىك سالاھىيىتىنى يوقاتقان قىسمەن كىشىلەرنى ۋەكىللىك سالاھىيىتىدىن قالدۇرۇپ، ۋەكىللەر قوشۇنىنىڭ ساپلىقىغا كاپالەتلىك قىلدى. مەسىلەن، ئۆشتاقباش بازارلىق خەلق قۇرۇلتىيىنىڭ ۋەكىلى، ھەيئەت رىياسەتچىسىنىڭ رەئىسى ھەسەن توقسۇن 1998 ـ يىلى خىزمەت مۇناسىۋىتى بىلەن ئەسلىدىكى بازارلىق قوراللىق بۆلۈم مەسئۇللىقىدىن بازارلىق خەلق قۇرۇلتىيى ھەيئەت رىياسەتچىسىنىڭ رەئىسلىكىگە يۆتكەلگەندىن كېيىن، بۇرۇن باشقۇرۇپ كەلگەن بىر بۆلۈك قورال، ئوق ـ دورا قاتارلىقلارنى مۇناسىۋەتلىك ئورۇنلارغا ئۆتكۈزۈپ بەرمەي ئۆيىدە ساقلىغان، كېيىن بۇ قورال، ئوق ـ دورىلار ئوغرىلاپ كېتىلگەندىن كېيىنمۇ ئۇنى مۇناسىۋەتلىك ئورۇنلارغا مەلۇم قىلمىغان. نەتىجىدە مىللىي بۆلگۈنچى ئۇنسۇرلار بۇ قورال ـ ياراغلاردىن پايدىلىنىپ دېلو سادىر قىلىپ، مۇقىملىققا تەسىر يەتكۈزگەن. بۇ ئەھۋال بېزىلگەندىن كېيىن، ناھىيىلىك خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتى بۇ مەسىلىگە جىددىي قاراپ، مۇناسىۋەتلىك ئورۇنلار بىلەن بىرگە ئەھۋالنى تەكشۈرۈپ ئېنىقلىغاندىن كېيىن، ئەسلى سايلام رايونىدا ھەسەن توقسۇننى ۋەكىللىكتىن ھەمدە رەئىسلىك ۋەزىپىسىدىن قالدۇرۇپ، قانۇن ئورۇنلىرىنىڭ بىر تەرەپ قىلىشىغا تاپشۇرۇپ بەردى.

3. ۋەكىللەرنى تەربىيىلەش خىزمىتىنى چىڭ تۇتتى.

خەلق قۇرۇلتىيى ۋەكىللىرىنىڭ ساپاسىنىڭ قانداق بولۇشى خەلق قۇرۇلتىيى خىزمىتىنىڭ ئەمەلىي ئۈنۈمىنىڭ قانداق بولۇشىغا بىۋاسىتە مۇناسىۋەتلىك. قاغىلىق ناھىيىلىك خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتى كۆپ يىللاردىن بۇيان ئۈچ دەرىجىلىك خەلق قۇرۇلتىيى ۋەكىللىرىنى تەربىيىلەش خىزمىتىنى ئىزچىل تۈردە چىڭ تۇتتى. ھەر قېتىملىق نۆۋەت ئالماشتۇرۇش سايلىمىدىن كېيىن تۇرغۇزۇلغان يېڭى ۋە

كىللەرنى ھەر قايسى يېزا ــ بازارلارنى بىرلىك قىلغان ھالدا ئومۇمىيۈزلۈك تەربىيىلىگەندىن سىرت، يېزا ــ بازارلىق خەلق قۇرۇلتىيى ھەيئەت رىياسەتلىرىنىڭ رەئىسلىرى، ۋەكىللەر گۇرۇپپا باشلىقلىرىنى تەربىيەلەپ، باشقا ۋەكىللەرنى ئۇلار ئارقىلىق ۋاستىلىك تەربىيىلىدى. ئادەتتىكى چاغلاردا ۋەكىللەر گۇرۇپپىلىرى بويىچە ئۆگىنىش تۈزۈملىرىنى ئورنىتىپ، تەربىيىلەش ئېلىپ باردى ھەمدە ۋەكىللەر پائالىيەت راسخوتىدىن پۇل ئاجرىتىپ، «خەلق قۇرۇلتىيى ۋەكىللىرىنىڭ قانۇن بىلىم قوللانمىسى»، «يەرلىك خەلق قۇرۇلتىيى خىزمىتىدىن سوئال ــ جاۋاب»، «خەلق قۇرۇلتىيى تۈزۈمى ۋە خەلق قۇرۇلتىيى ۋەكىلى» ناملىق ئوقۇشلۇق ۋە كىتاب ماتېرىياللارنى كۆپەيتىپ بېسىپ، ھەر بىر يېزا ــ بازارلىق خەلق قۇرۇلتىيى ھەيئەت رىياستى، ۋەكىللەر گۇرۇپپىلىرى ۋە ۋەكىللەرگىچە تارقىتىپ بەردى شۇنداقلا «شىنجاڭ خەلق قۇرۇلتىيى» ژۇرنىلىغا مۇشتەرى بولۇش ۋەزىپىسىنى ئەسلىدىكى 385 پارچىدىن 428 پارچىغا يەتكۈزۈپ، ۋەكىللەرنى سەپەرۋەر قىلىش، ۋەكىللەر گۇرۇپپىلىرى، يېزىلىق، بازارلىق خەلق قۇرۇلتىيى ھەيئەت رىياسەتلىرىنىڭ رولىدىن پايدىلىنىش ئاساسىدا ئۇنىڭدىن پايدىلىنىش ئۈنۈمىنى ئۆستۈردى. 1998 ــ يىلدىن باشلاپ ھازىرغىچە «خەلق قۇرۇلتىيى ئۇچۇرلىرى» دىن 27 سان چىقىرىپ، ئۇنىڭدىكى ئۈلگە ۋە ئۇچۇرلارنى كەڭ تۈردە تەشۋىق قىلىپ يېتەكچىلىكىنى كۈچەيتتى.

4 . ۋەكىللەرنىڭ تەكلىپ ــ تەلەپلىرىنى بىجىرىشكە ھېيدەكچىلىك قىلىش خىزمىتىنى ياخشى ئىشلەپ، ۋەكىللەرنىڭ قانۇن بويىچە ھوقۇق يۈرگۈزۈشىنى پائال قوللىدى. ۋەكىللەرنىڭ تەۋسىيە، تەكلىپ، پىكىرلىرىنى ئوتتۇرىغا قويۇشى قانۇن ۋەكىللەرگە بەرگەن ھوقۇقلارنىڭ بىرى شۇنداقلا نازارەتنى يولغا قويۇشنىڭ ئۈنۈملۈك شەكلى. ئۇلارنىڭ تەۋسىيە، تەكلىپ، پىكىرلىرىنى بىجىرىش بولسا، پۈتۈن نىيەت، پۈتۈن ۋۇجۇدى بىلەن خەلق ئۈچۈن خىزمەت قىلغانلىق بولىدۇ. شۇڭلاشقا قاغىلىق ناھىيىلىك خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتى كۆپ يىللاردىن بۇيان ۋەكىللەرنىڭ تەكلىپ، تەلەپ، پىكىرلىرىنى بىجىرىش خىزمىتىگە ئەستايىدىل مۇئامىلە قىلدى. خەلق قۇرۇلتىيى ۋەكىللىرىنىڭ يىغىن مەزگىلىدە ئوتتۇرىغا قويغان پىكىر، تەكلىپ، تەلەپلىرىنى ۋەكىللەر ــ كادىرلار بۆلۈمى مەسئۇل بولۇپ، تىزىملاش، رەتلەش، مۇدىرلار يىغىنىنىڭ قاراپ چىقىشىدىن ئۆتكۈزۈپ، ھۆكۈمەت، ئىككى مەھكىمىنىڭ بىجىرىشىگە تاپشۇرۇش، ھېيدەكچىلىك قىلىپ ئۇنىڭ جاۋابى ۋە نەتىجىسىدىن ۋەكىللەرنى ۋاقىپلاندۇرۇش قاتارلىق بىر يۈرۈش خىزمەتلەرنى پۇختا ئىشلىدى. بۇ ئارقىلىق 1990 ــ يىلدىن 1999 ــ يىلنىڭ كېيىنكى يېرىمىغىچە ناھىيىلىك خەلق قۇرۇلتىيى ۋەكىللىرى ئوتتۇرىغا قويغان 1653 پارچە تەۋسىيە، تەكلىپ، پىكىرلەرنى بىجىرىش خىزمىتىگە تولۇق ئەھمىيەت بېرىپ، ھۆكۈمەت، ئىككى مەھكىمە ئۈستىدىكى قانۇنىي نازارەتچىلىك، خىزمەت نازارەتچىلىكى ۋە كادىرلار نازارەتچىلىكىنى ئۈنۈملۈك ھالدا يولغا قويۇپ، پۈتۈن ناھىيىنىڭ ئىسلاھات، تەرەققىيات، مۇقىملىق ۋە ئىككى مەدەنىيلىك قۇرۇلۇشىنىڭ ساغلام ئېلىپ بېرىلىشىغا مۇناسىپ ھەسسە قوشتى. ئۇنىڭدىن باشقا ھەر قايسى يېزىلىق، بازارلىق خەلق قۇرۇلتىيى ۋەكىللىرىنىڭ تەۋسىيە، تەكلىپ، پىكىرلىرىنىڭ بىجىرىلىش، ئەمەلىيلىشىش خىزمىتىگە بولغان يېتەكچىلىكنىمۇ ئىزچىل تۈردە كۈچەيتىپ كەلدى ھەمدە ھۆكۈمەت، ئىككى مەھكىمە رەھبەرلىرىنىڭ تەۋسىيە، تەكلىپ، پىكىرلەرنى بىجىرىش خىزمەتلىرى توغرىسىدىكى دوكلاتىنى ئاڭلاپ، دىققەت ــ ئېتىبارىنى قوزغىدى.

5 . پارتىيىنىڭ مەركىزىي خىزمىتىنى ۋە خەلق قۇرۇلتىيى يىغىنىنىڭ قارارلىرىنى چۆرىدەپ ۋەكىللەر پائالىيىتىنى قانات يايدۇردى.

قاغىلىق ناھىيىلىك خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتى يىللاردىن بۇيان ئۆز خىزمىتىنى ھامان پارتىيىنىڭ رەھبەرلىكى ئاستىغا قويدى. شۇ قاتاردا ۋە-

كىللەر پائالىيىتىنىمۇ پارتىيىنىڭ مەركىزىي خىزمەت-
لىرىنى ۋە خەلق قۇرۇلتىيى يىغىنىنىڭ قارارلىرىنى
چۆرىدىگەن ھالدا پۇختا قانات يايدۇرۇپ كەلدى. بۇ پائا-
لىيەتنى ناھىيە بويىچە 132 ۋەكىللەر گۇرۇپپىلىرى ئىل-
قىلىق ئېلىپ بېرىش بىلەن بىر ۋاقىتتا يەنە كەڭ خەلق
ئاممىسىنىڭ ئىنكاسى كۈچلۈك بولغان «قىزىق نۇقتا»
ۋە «قىيىن نۇقتا» مەسىلىلەرنى چۆرىدەپ ۋەكىللەرنى
28 قېتىم كۆزدىن كەچۈرۈشكە ۋە تەكشۈرۈپ تەتقىق
قىلىشقا تەشكىللەپ ئۈنۈمگە ئېرىشتى. بولۇپمۇ 1996 ـ
يىلىنىڭ ئاخىرىدا ناھىيىلىك جامائەت خەۋپسىزلىكى
ئىدارىسىنىڭ تۈرمىسىدىن جىنايەتچىنىڭ قېچىپ كې-
تىش مەسىلىسىگە قارىتا ناھىيىدىكى ئاپتونوم رايون،
ناھىيىنىڭ بىر قىسىم ۋەكىللىرىنى ۋە ناھىيىلىك
ھۆكۈمەتنىڭ ئاساسلىق مەسئۇللىرىنى ناھىيىلىك جا-
مائەت خەۋپسىزلىكى ئىدارىسىنىڭ خىزمەتلىرىنى كۆز-
دىن كەچۈرۈشكە تەشكىللەپ، تۈرمە خىزمىتىدىكى نە-
تىجىلەرنى مۇئەييەنلەشتۈرۈش بىلەن بىرگە، يەنە ئاز بىر
قىسىم كادىر ـ ساقچىلارنىڭ قانۇنغا ئاساسلانماي دېلو
بېجىرگەنلىك مەسئۇلىيەت تۇيغۇسىنىڭ كەمچىل بو-
لۇشى قاتارلىق مەسىلىلەرگە قارىتا تۈزىتىش پىكىر-
لىرىنى ئوتتۇرىغا قويدى ھەمدە تۈرمىنىڭ مەبلەغ، ئادەم
كۈچى كەمچىل بولۇشتەك بىر قىسىم قىيىنچىلىقلى-
رىنى نەق مەيداندا ھەل قىلدۇرۇپ بەردى. بۇ قېتىملىق
كۆزدىن كەچۈرۈش جەريانىدا يەنە لوپ يېزىسىدا يۈز بەر-
گەن بىر قېتىملىق قاتىللىق دېلوسىنىڭ ئۇزۇندىن بۇ-
يان ھەل قىلىنماي كەلگەنلىك مەسىلىسىنى بايقىغاندىن
كېيىن، ناھىيىلىك خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومى-
تېتىنىڭ يېتەكچىلىكىدە ج خ، سوت، تەپتىش ئور-
گانلىرىدىن بىر قىسىم خىزمەتچى خادىملارنى ئاجرى-
تىپ، بىرلەشمە گۇرۇپپا تەشكىللەپ، چوڭقۇر تەكشۈ-
رۈپ، بىر تەرەپ قىلىش لايىھىسىنى ئوتتۇرىغا قويۇپ،
ئىجرا قىلىشقا تاپشۇرۇپ، خەلق ئاممىسىنىڭ جانىجان
مەنپەئەتىنى قوغداپ، قانۇن بويىچە دېلو بېجىرىشكە
تۈرتكە بولدى.

قاغىلىق ناھىيىلىك خەلق قۇرۇلتىيى دائى-
مىي كومىتېتى قارارلىرىنى قاراپ چىقىشتىن بۇرۇن
ۋەكىللەرنى ئەمەلىي تەكشۈرۈشكە ئويۇشتۇرۇپ بەزى «-
قىزىق نۇقتا»، «قىيىن نۇقتا» مەسىلىلىرىنى ئىگىلەش
پائالىيىتىگە ئويۇشتۇردى. 1998 ـ يىلى 8 ـ ئايدا ناھى-
يىلىك خەلق ھۆكۈمىتىنىڭ دېھقانلارنىڭ سېلىقىنى
يېنىكلىتىش، قالايمىقان جەرىمانە ئېلىش، قالايمىقان
ھەق ئېلىشنى تۈزىتىش ئەھۋالى توغرىسىدىكى دوكلاتى-
نى ئاڭلاشتىن بۇرۇن ئاپتونوم رايونلۇق، ناھىيىلىك
خەلق قۇرۇلتىيىنىڭ بىر قىسىم ۋەكىللىرىنى تەش-
كىللەپ، ناھىيىلىك يېزا ئىگىلىك مەبلىغىنى باشقۇ-
رۇش ئىدارىسى، مال باھا ئىدارىسى، سۇغۇرتا شىركىتى
قاتارلىق ئالتە ئورۇننىڭ دېھقانچىلىق مەبلىغىنى يى-
غىش، تارقىتىش، سۇغۇرتا تۆلەم پۇلىنى ئەمەلىيلەش-
تۈرۈش، جەرىمانە، ھەق ئېلىش تۈرلىرىنى تەسىس قى-
لىش ۋە ئېلىش ئەھۋالىنى كۆزدىن كەچۈرۈشكە ئويۇش-
تۇردى. ۋەكىللەر ناھىيىلىك خەلق ھۆكۈمىتىنىڭ بۇ
ھەقتىكى دوكلاتىنى ئاڭلىغاندا، ئىگىلىگەن ئەھۋالغا
ئاساسەن، ناھىيىلىك خەلق ھۆكۈمىتىنىڭ يىللاردىن
بۇيان تارقاتقان ھۆججەتلەرنى ئېنىقلاپ، ۋاقتى ئۆتكەن
ھەق ئېلىش تۈرلىرى توغرىسىدىكى ھۆججەتلەرنى ئە-
مەلدىن قالدۇرمىغانلىقى ئۈچۈن، ھەق ئېلىش تۈرلىرى-
نىڭ قالايمىقان ئىجرا قىلىنغانلىقى، سۇغۇرتا تۆلەم
پۇلىنىڭ دېھقانلارنىڭ قولىغا ئۆز ۋاقتىدا تەگمىگەنلىكى
قاتارلىق ئەھۋاللارنى ئوتتۇرىغا قويۇپ، ناھىيىلىك خەلق
ھۆكۈمىتىگە بۇ مەسىلىلەرنى تۈزىتىش تەكلىپىنى
بەردى. ناھىيىلىك خەلق ھۆكۈمىتى بۇ تەكلىپلەرگە
ئەستايىدىل مۇئامىلە قىلىپ، ئىلگىرى تارقاتقان ھۆج-
جەتلەرنى تەپسىلىي ئېنىقلاپ، ناھىيىلىك خەلق قۇ-
رۇلتىيى دائىمىي كومىتېتىغا مەخسۇس تېمىدا دوكلات
بەردى ھەمدە ۋاقتى ئۆتكەن، مۇۋاپىق بولمىغان 131 پارچە
ھۆججەتنى ئىجرا قىلىشنى توختاتتى، بۇ ئارقىلىق نا-
ھىيىلىك خەلق ھۆكۈمىتى پۈتۈن ناھىيە بويىچە ئاپتو-
نوم رايون بېكىتكەن ھەق ئېلىش، جەرىمانە ئېلىش

تۈرلىرىدىن باشقا ھۆججەتلەرنى ئىجرا قىلىشنى دەرھال توختىتىپ، قاغىلىق ناھىيىسىنى جەرىمانىسىز ناھىيە قىلىپ قۇرۇپ چىقىشنى، سۇغۇرتىغا قاتنىشىشتا ئىختىيارلىق پرىنسىپىنى يولغا قويۇشنى قارار قىلدى. نەتىجىدە، بۇ يىلدىن باشلاپ قاغىلىق ناھىيىسىدە قالايمىقان جەرىمانە ئېلىش، قالايمىقان ھەق ئېلىش ئىشلىرى ئاساسەن تۈزىتىلدى.

بۇ يىل 6 ـ ئايدا ناھىيىلىك خەلق ھۆكۈمىتىنىڭ «ئورمان قانۇنى» ۋە «مۇھىت ئاسراش قانۇنى» نى يولغا قويۇش توغرىسىدىكى دوكلاتىنى ئاڭلاپ قاراپ چىقىشتىن بۇرۇن، ناھىيىلىك خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتى يەنە بىر بۆلۈك ئاپتونوم رايونلۇق ۋە ناھىيىلىك خەلق قۇرۇلتىيى ۋەكىللىرىنى تەشكىللەپ، «ئىككى قانۇننى ئىجرا قىلىش ئەھۋالىنى تەكشۈردى ھەمدە مەخسۇس تېمىدا كۆزدىن كەچۈرۈش دوكلاتىنى شەكىللەندۈردى. ناھىيىلىك خەلق ھۆكۈمىتىنىڭ ئىككى قانۇننى ئىجرا قىلىش خىزمىتى توغرىسىدىكى دوكلاتىنى ئاڭلاپ قاراپ چىققاندا، تەكشۈرگەن ئەھۋاللارنى ئوتتۇرىغا قويۇپ، تۈزىتىش تەدبىرلىرى توغرىسىدا ئورتاق كېڭىشىپ، قارار ماقۇللاپ، ناھىيىلىك خەلق ھۆكۈمىتىنىڭ ئىجرا قىلىشىغا چۈشۈرۈپ بېرىپ، بىر قەدەر ياخشى ئۈنۈمگە ئېرىشتى. مۇشۇ جەريانلاردا ۋەكىللەرنىڭ خوجايىنلىق رولى تولۇق جارى قىلدۇرۇلدى. ھاكىمىيەت ئىشلىرىغا قاتنىشىش ۋە ئۇنى مۇھاكىمە قىلىش ئېڭى زور دەرىجىدە ئۆستى.

6. خەلق قۇرۇلتىيى ۋەكىللىرىنى مۇناسىۋەتلىك يىغىنلارغا تەكلىپ بىلەن قاتناشتۇردى.

قاغىلىق ناھىيىلىك خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتى ھەر قېتىم كومىتېت ئەزالىرى يىغىنلىرىنى ئاچقاندا، يىغىندا ئاڭلىنىلىدىغان دوكلات، قارارلارنىڭ دائىرىسى، مەزمۇنىغا ئاساسەن، ئاپتونوم رايونلۇق، ناھىيىلىك خەلق قۇرۇلتىيى ۋەكىللىرىنى ساھەلەر بويىچە تۈركۈمگە ئايرىپ يىغىنلارغا تەكلىپ بىلەن سىرتتىن قاتناشتۇردى. شۇ قاتاردا ھەر قايسى يېزا ـ بازارلىق خەلق قۇرۇلتىيى ھەيئەت رىياستىنىڭ رەئىسلىرىنىمۇ نۆۋەت بىلەن سىرتتىن قاتناشتۇردى. ئۇلار بىلەن بىرلىكتە دوكلاتلارنى ئاڭلاپ، بىرلىكتە مۇھاكىمە يۈرگۈزدى. بۇ ئارقىلىق ۋەكىللەرنىڭ بۇرچ تۇيغۇسى كۈچەيدى. رەئىسلەرنىڭ خىزمەت ئىقتىدارى پەيدىنپەي يۇقىرى كۆتۈرۈلدى.

7. يېزا ـ بازارلىق خەلق قۇرۇلتىيى ۋەكىللىرى خىزمىتىگە بولغان يېتەكچىلىكنى كۈچەيتتى.

يېزا ـ بازارلىق خەلق قۇرۇلتىيى گەرچە بىر دەرىجىلىك ھاكىمىيەت تەشكىلىي شەكلى بولسىمۇ، لېكىن ئۇنىڭ نۆۋەت ئالماشتۇرۇش سايلام مۇددىتى ئۈچ يىل بولغاچقا ۋەكىللەر يېڭىلىنىپ تۇرىدۇ. شۇ قاتاردا رەئىسلەرمۇ ئالمىشىپ تۇرىدۇ. بۇنداق ئەھۋالدا يېزا ـ بازارلىق خەلق قۇرۇلتىيى ۋەكىللىرىگە بولغان يېتەكچىلىك كۈچەيتىلمەيدىكەن، دۆلىتىمىزنىڭ ئاساسىي قاتلام ھاكىمىيەت تەشكىلى ئاجىز ۋە پاسسىپ ئورۇنغا چۈشۈپ قالىدۇ ـ دە، خەلق قۇرۇلتىيى تۈزۈمىنى مۇكەممەللەشتۈرۈشتىن سۆز ئاچقىلى بولمايدۇ. شۇڭا، قاغىلىق ناھىيىلىك خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتى كۆپ يىللىق ۋەكىللەر خىزمىتىدىن ھاسىل قىلغان تەجرىبىلىرىگە ئاساسەن، يېزا ـ بازارلىق خەلق قۇرۇلتىيى ۋەكىللىرى خىزمىتىگە ۋە ھەيئەت رىياستى خىزمىتىگە بولغان يېتەكچىلىكنى كۈچەيتىشنىڭ زۆرۈرلۈكىنى چوڭقۇر ھېس قىلىپ بەزىبىر كونكرېت خىزمەتلەرنى ئىشلىدى.

يېزا ـ بازارلىق خەلق قۇرۇلتىيىنىڭ ھەر قېتىملىق نۆۋەت ئالماشتۇرۇش سايلىمىدا ئوخشاشلا ۋەكىللەرنىڭ ساپاسى ۋە قۇرۇلمىسىغا ئالاھىدە ئەھمىيەت بەردى. ۋەكىللەر رەسمىي سايلىنىپ بولۇنغاندىن كېيىن ئۇلارنىڭ ئارخىپىنى تۇرغۇزۇپ، ۋەكىللەر ـ كادىرلار خىزمىتى بۆلۈمىدە ساقلىدى. قەرەللىك ھالدا ئۇلارنىڭ ئۆزگىرىش ئەھۋالىنى ئىگىلىدى. ئاپتونوم رايونلۇق، ناھىيىلىك خەلق قۇرۇلتىيى ۋەكىللىرىنى ھەر قېتىم تەربىيىلىگەندە، ياكى پائالىيەتلەرگە ئۇيۇشتۇرغاندا ئۇ-

لارنىمۇ بىرگە قاتناشتۇردى ھەمدە ئۇلارغا يېتەرلىك ماتېرىيال تارقىتىپ بەردى. ئۇلارنىڭ ئارىسىدىكى ئىلغارلارنى ئوخشاشلا تەقدىرلەپ، رادىئو، ئاخبارات ئورۇنلىرىدا تەشۋىق قىلدى. ھەيئەت رىياسەتلىرى ئارقىلىق ئۇلارنىڭ تۈزۈم قۇرۇلۇشىنى چىڭ تۇتۇپ، تۈرلۈك خىزمەتلىرىنى قېلىپلاشتۇردى. ئاساسلىق قىلىپ، يېزا - بازارلىق خەلق قۇرۇلتىيى ھەيئەت رىياستىنىڭ مەسئۇلىيەت تۈزۈمى، رەئىسنىڭ ۋەزىپىسى، مەسئۇلىيىتى، ۋەكىللەر گۇرۇپپىسىنىڭ مەسئۇلىيىتى، ۋەكىللەرنىڭ مەسئۇلىيىتى قاتارلىق تۈزۈملەرنى تۇرغۇزۇشقا ياردەم بەردى. شۇ قاتاردا ھەيئەت رىياستىنىڭ ئۆگىنىش، يىغىن، خىزمەت تۈزۈمى، ۋەكىللەرنى تەربىيىلەش، ۋەكىللەر بىلەن ئالاقىلىشىش تۈزۈمى، نازارەتچىلىك تۈزۈمى، ئىلغارلارنى باھالاش تۈزۈمى، ئارخىپ، ھۆججەت، ماتېرىياللارنى باشقۇرۇش تۈزۈمى قاتارلىق تۈزۈملەرنى ناھىيە بويىچە بىرلىككە كەلتۈرۈپ تۈزۈپ تارقىتىپ بەردى ۋە ئۇلارنى ئىزچىل ئەمەلىيلەشتۈرۈشكە بولغان يېتەكچىلىكنى كۈچەيتتى ھەمدە ھەيئەت رىياستىدە 11 خىل، ۋەكىللەر گۇرۇپپىلىرىدا ئالتە خىل خاتىرە دەپتەر بولۇش ۋە ئۇنى يۈرگۈزۈشنى بىرلىككە كەلتۈردى. ھەر قېتىم ۋەكىللەر بىلەن ئالاقىلىشقا بارغاندا يېزا - بازارلىق خەلق قۇرۇلتىيى ۋەكىللىرى بىلەنمۇ ئالاقىلەشتى، يىل ئاخىرىدا ئىلغار ھەيئەت رىياستى، ئىلغار ۋەكىللەر گۇرۇپپىلىرى، مۇنەۋۋەر خەلق قۇرۇلتىيى ۋەكىللىرىنى باھالاپ تۇرغۇزۇپ، تەقدىرلەش، مۇكاپاتلاش، تەجرىبە ئالماشتۇرۇش يىغىنلىرىنى ئۇيۇشتۇردى.

يېزا - بازارلىق خەلق قۇرۇلتىيى ۋەكىللىرى خىزمىتى ئاساسلىقى ھەيئەت رىياسەتلىرىنىڭ رەئىسلىرى ئارقىلىق ئىشلىنىدۇ. شۇڭا بۇ ناھىيە ۋەكىللەر خىزمىتىدە رەئىسلەر خىزمىتىنى ئاساسلىق ئورۇنغا قويۇپ، يىلدا 3 ـ 4 نۆۋەت رەئىسلەرنى تەربىيىلەش يىغىنلىرىنى ئېچىپ، ئۇلارنى «ئاساسىي قانۇن»، «تەشكىلىي قانۇن»، «ۋەكىللەر قانۇنى»، «سايلام قانۇنى» قاتارلىقلار بىلەن قوراللاندۇردى ۋە ئۇلارنىڭ ساپاسىنى ئۆستۈردى. بۇ يىلدىن باشلاپ، يېزىلىق، بازارلىق خەلق قۇرۇلتىيىدا سايلىنىدىغان يېزا - بازار باشلىقلىرىنى تەشكىلات بۆلۈم ۋەزىپىگە تەيىنلەش ئۇقتۇرۇشى چۈشۈرىدىغان ئۇسۇلنى ئۆزگەرتىپ، يېزا - بازارلىق خەلق قۇرۇلتىيى ھەيئەت رىياستى ۋەزىپىگە تەيىنلەش ۋە ناھىيىلىك خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتى بىر تۇتاش تارقىتىپ بەرگەن ۋەزىپىگە تەيىنلەش، ۋەزىپىدىن قالدۇرۇش ئۇقتۇرۇشىنى يېزىلىق، بازارلىق خەلق قۇرۇلتىيى ھەيئەت رىياستى تولدۇرۇپ، تامغا بېسىپ ئېلان قىلىشىنى يولغا قويدى. مۇشۇ ئۇسۇل بويىچە بۇ يىل 8 ـ ئايغىچە يېزا - بازارلىق خەلق قۇرۇلتىيىدا سايلانغان 11 نەپەر يېزا - بازار باشلىقى، مۇئاۋىن باشلىقى، 20 نەپەر رەئىس، مۇئاۋىن رەئىسكە يېزىلىق، بازارلىق خەلق قۇرۇلتىيى ھەيئەت رىياستى ۋەزىپىگە تەيىنلەش ئۇقتۇرۇشى تارقاتتى، يەنە بىر تەرەپتىن، ھەر قېتىملىق يېزىلىق، بازارلىق خەلق قۇرۇلتىيىنىڭ نۆۋەت ئالماشتۇرۇش سايلىمىدىن كېيىن، بارلىققا كەلگەن ھۆججەت، ماتېرىياللارنى توپلام قىلىپ ساقلاشنى تەشەببۇس قىلىپ، ماتېرىيال، ئارخىپلارنىڭ يوقىلىپ كېتىشىنىڭ ئالدىنى ئالدى. ناھىيىلىك خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتى تۈزۈپ چىققان خىزمەت پىلانى، ئورۇنلاشتۇرۇش ۋە خىزمەت ئۇچۇرلىرى قاتارلىقلارنى ھەر قايسى يېزىلىق، بازارلىق خەلق قۇرۇلتىيى ھەيئەت رىياسەتلىرىگە يەتكۈزۈپ بېرىپ، خىزمەتلەرنى بىر گەۋدىلەشتۈردى. بۇ ئارقىلىق بۇ ناھىيىنىڭ ۋەكىللەر خىزمىتى پائال تۈردە ياخشى ئىشلىنىپ، خەلق قۇرۇلتىيى تۈزۈمىنىڭ مۇكەممەللىشىشىگە پۇختا ئاساس تۇرغۇزۇپ يۇقىرىنىڭ دىققىتىنى قوزغىدى. بۇ ناھىيە ھەر قېتىم ۋىلايەت بويىچە ئېچىلغان خەلق قۇرۇلتىيى يىغىنلىرىدا ۋەكىللەر خىزمىتى توغرىسىدىكى تەجرىبىلىرىنى تونۇشتۇرۇپ، قىزغىن ئالقىشقا سازاۋەر بولدى.

# قەدىمكى تۇرپاننىڭ ياغاچ ئويمىچىلىق مەدەنىيىتى

ئېرىز ئاتاۋۇللا سارتېكىن

X IX ئەسىرنىڭ ئاخىرلىرىدىن تارتىپ
X X ئەسىرنىڭ باشلىرىغىچە روسىيە، گېرمانىيە،
ئەنگلىيە، ياپونىيە، فرانسىيە قاتارلىق دۆلەتلەرنىڭ
ئارخېئولوگلىرى كۆپ قېتىم قېزىش، تەكشۈرۈش ئې-
لىپ بېرىپ نۇرغۇنلىغان مەدەنىيەت يادىكارلىق بۇيۇم-
لىرىنى قولغا چۈشۈرۈش نەتىجىسىدە «تەبىئىي موزېي»
دەپ ئاتىغان قەدىمكى يۇرت تۇرپان ئۆز قويندا يوشۇرۇپ
ياتقان مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرىنىڭ مول-لىقى بىلەن
خېلىدىن بېرى جۇڭگو ـ چەت ئەل ئارخېئولوگلىرىنى
ئۆزىگە جەلپ قىلىپ كەلمەكتە. ئەڭ دەسلەپ چەت ئەل
ئارخېئولوگلىرى تەرىپىدىن قېزىلىپ يەنە شۇلار تەرى-
پىدىن تەتقىق قىلىنىشقا مۇيەسسەر بولغان تۇرپان يادى-
كارلىقلىرى ئۆزىنىڭ بارلىقىنى شىنجاڭ ئارخېئولو-
گىيىسىگە بېغىشلىغان چەت ئەللىك ۋە جۇڭگولۇق ئار-
خېئولوگ، تەتقىقاتچىلاردىن فودېكشېيېۋ، رېگېل،
لوپنوپىسكىي، كوزنوۋ، كلېمېنتس، رادلوۋ، نيو-
رىنبۇرگ، ۋارىن ئىلىنوۋ، كروپوتكىن، ئاۋرېل ستە-
يىن، گرۈنۋېدېل، فون لېكوك، سۇڭ دۇڭ سىنلاڭ،
سۋېن ھېدىن، داگوگۇاڭرۇي، جىچۇەن شاۋيېلاڭ،
خۇاڭ ۋېنبي، گابائىن خانىم، ئابلېم قېيوم ... قاتار-
لىقلارنىڭ قان ـ تەر سىڭدۈرۈشى نەتىجىسىدە ھەر قايسى
ئەل خەلقلىرىگە نامايان بولۇپ، ئۇلارنى ھەيرەتتە قال-
دۇردى. تۇرپان ۋادىسىدىن ئىلگىرى ـ كېيىن تېپىلغان
نەچچە ئون مىڭلىغان مەدەنىيەت يادىكارلىق بۇيۇملىرى
ئەجدادلىرىمىزنىڭ بۇندىن بىر قانچە مىڭ يىللار بۇرۇن
ياراتقان مەدەنىيەت ئىختىرالىرىدىن دېرەك بېرىپ، قە-
دىمكى دەۋر مەدەنىيىتىمىزنى تەتقىق قىلىشىمىز ئۈچۈن
كېرەك بولغان كۆپلىگەن مەنبەلەر بىلەن تەمىن ئەتتى.
بولۇپمۇ بۇ جايدىن قېزىۋېلىنغان ياغاچ ئويمىچىلىق مە-
دەنىيىتىمىزنى ئەكس ئەتتۈرۈپ بېرىدىغان بۇيۇملارنىڭ
سان ۋە سۈپىتى ناھايىتى يۇقىرى بولۇپ، بىز بۇ مەنبە-
لەرگە ئاساسلىنىپ تۇرۇپ تەتقىقات ئېلىپ بېرىش ئار-
قىلىق كىشىنى خۇشاللاندۇرىدىغان نەتىجىلەرگە ئېرى-
شەلەيمىز.

كۆپچىلىككە مەلۇم بولغىنىدەك، ئەجدادلى-
رىمىزنىڭ ياغاچ ئويمىچىلىق مەدەنىيىتى ئۇزاق تارىخىي
دەۋرلەرنىڭ مەھسۇلى بولۇپ، ھەر خىل ياغاچلاردىن
پايدىلىنىپ تۇرمۇش بۇيۇملىرىنى ياساش قەدىمدىن بېرى
داۋاملىشىپ كېلىۋاتقان ئەنئەنىلەرنىڭ بىرى. بىز ئۇي-
غۇرلارنىڭ قەدىمكى تارىخىي داستانى «ئوغۇزنامە» دىكى
بارماقلىق يوسۇن بىلىگ ئىسىملىك ئادەمنىڭ هارۋا يا-
ساپ جانلىق، جانسىز غەنىمەتلەرنى توشۇغانلىق ھەق-
قىدىكى بايانلارنى ئوقۇغىنىمىزدا ۋە ياكى شىنجاڭ قىيا
تاش سۈرەتلىرىدىكى هارۋا ئوبرازىنى كۆرگىنىمىزدە
ئەجدادلىرىمىزنىڭ ياغاچتىن پايدىلىنىش تارىخىنىڭ
ھەقىقەتەن ئۇزۇن ئىكەنلىكىنى بىلىۋالالايمىز. ئۇيغۇر-
لارنىڭ تۇرمۇشىدا مۇھىم لازىمەتلىكلەرنىڭ بىرى بول-
غان ياغاچ ئۇلار ھايات كەچۈرۈۋاتقان جايلاردىن كۆپلەپ
چىقىدىغان بولغاچقا، مەيلى قايسى خارابىلەرنى قازايلى،
ھەممىسىدىن دېگۈدەك ياغاچ خام ئەشيا قىلىنغان ۋە ئۇ-
نىڭدىن ياسالغان سەنئەت نەمۇنىلىرىمىز تېپىلغان.
بولۇپمۇ تۇرپاننىڭ كۆپلىگەن يادىكارلىق نۇقتىلىرىدا بۇ
خىل ئالاھىدىلىك روشەن ھالدا ئۆز ئىپادىسىنى تاپقان.

1973 ـ يىلى تۇرپان ئاستانىدىكى قەدىمكى
قەبرىستانلىقتا قېزىش ئېلىپ بارغاندا، لەھەت ئىچى

ئىشىك تۈۋىگە قويۇلغان ئېگىزلىكى 86 سانتىمېتىر كېلىدىغان بىر رەڭدار ياغاچ قونچاق تېپىلغان. بۇ قونچاقتا «تەڭرى ئىلىگ» نىڭ ئالۋاستىنى دەسسەپ تۇرغان قىياپىتى تەسۋىرلەنگەن بولۇپ، ئىككى چوڭ بۆلەكتىن تەركىب تاپقان. بىرىنچى بۆلىكى تەڭرى ئىلىگ. ئىككىنچى بۆلىكى ئالۋاستى ئوبرازىدىكى بىر مەخلۇق بولۇپ، ئۇلارنى چوڭ ـ كىچىكلىكى ئوخشىمايدىغان 30 نەچچە بۆلەك ياغاچنى ئۇيۇش ئارقىلىق ياسىغان. «تەڭرى ئىلىگ» ئۆرە تۇرغان ھالەتتە، ئوڭ قولىنى يېرىم يۇقىرىغا كۆتۈرگەن، سول قولى يېرىم پەسكە چۈشۈرۈلگەن بولۇپ، ھەر ئىككى قولىنىڭ باش بارمىقى بىلەن ئوتتۇرا بارمىقى بىر ـ بىرىگە جۈپلەشتۈرۈلۈپ، قالغان بارماقلىرى ئېچىۋېتىلگەن. ئوڭ پۇتى تىزىدىن ئېگىلىپ ئالۋاستىنىڭ قورسىقىدىن دەسسەپ تۇرغان (ئوڭ پۇتىنىڭ تېگىدە يۇمىلاق قوزۇق شەكىللىك تۈرۈم بولۇپ، ئۇ ئالۋاستىنىڭ قورساق قىسمىدىكى تۆشۈككە كىرگۈزۈلگەن). سول پۇتى بىلەن يەرنى دەسسەپ تۇرغان. ئالۋاستى «تەڭرى ئىلىگ» نىڭ ئاياغ ئاستىدا ئوڭدىسىغا يېرىم ئېگىلىپ، پۇتىنى كېرىپ، ئىككى قولى بىلەن يەرنى تىرەپ تۇرغان قىياپەتتە ياسالغان. «تەڭرى ئىلىگ» نىڭ چېچى چوقۇسىغا بىر تال قىلىپ تۈزۈلگەن. بېشىنىڭ ئۈستى ئاچ قىزىل رەڭلىك چاچ چەمبەر بىلەن باغلانغان. ئىككى قولىقىنىڭ ئارقىسىغا ئوت يالقۇنىغا ئوخشايدىغان تاج بېكىتىلگەن. ئۇنىڭ يۈزى گۆشلۈك، قاشلىرى ئۈسكىلەڭ، كۆزى يۇمىلاق ۋە يوغان بولۇپ، كۆزى چاناقلىرىدىن چىقىپ كېتەي دېگەن ھالەتتە ئويۇلغان. بۇ قونچاقنىڭ ساۋۇتى ئىچىگە قات ـ قات كۆڭلەك. بەشمەت ، سۈس قىزىل رومبا شەكىللىك گۈل چۈشۈرۈلگەن ئىشتان، پۇتىغا ئۆتۈك كىيگۈزۈلگەن. ئىشتىنى ئۆتۈك قونچىغا تىقىلغان بولۇپ، ئۆتۈك قونچىنىڭ ئالدى ـ كەينىگە، پەشمىتىنىڭ ئالدى ـ كەينىگە ئاق، سۈس، قىزىل، مايسىرەڭ، سۈس ھاۋارەڭ، سېرىق، قارا رەڭلەردە بۇلۇت، چېچەك شەكىللىك نەقىشلەر چۈشۈرۈلگەن. ساۋۇتنىڭ جىيەكلىرىگە ئالتۇندىن ھەل بېرىلگەن، ئىككى يېڭىگە تىمساقنىڭ باش سۈرىتى ئويۇلۇپ، تىمساقنىڭ ئاغزىدىن قونچاقنىڭ ئىككى قولى چىقىپ تۇرغان ئوبرازى يارىتىلغان. ئۇنىڭ ئاستىدىكى ئالۋاستىنىڭ ئوبرازى بولسا ئىنتايىن بەت ـ بەشىرە يارىتىلغان. بۇنىڭدىن 1300 يىل ئىلگىرىكى دەۋرگە مەنسۇپ بولغان بۇ ياغاچ قونچاق تۇرپان ئۇيغۇرلىرىنىڭ ياغاچ ئويمىچىلىق مەدەنىيىتىنى ئەكس ئەتتۈرۈپ بېرىدىغان ئېسىل نامايەندە ھېسابلىنىدۇ. تۇرپاندىن يەنە بېشى لايدىن گەۋدىسى ياغاچتىن ياسالغان ئايال قونچاقمۇ تېپىلغان. توقسۇن ناھىيە ئېلانلىق قەدىمكى قەبرىستانلىقىدىن ئۇچىغا ھايۋان رەسىمىنى چۈشۈرۈپ قىرىپ ياسىغان ھاسا تېپىلغان. پىچان سۇ بېشى قەبرىستانلىقىدىن ياغاچ چازا، ياغاچ دەستەك، ياغاچ تەخسە، چۆچەك ، ياغاچ سىرغا، بەش دانە ئاياغ، ئۆرە ئاياغ، ياغاچ كورەك ، دوشە، ئارغامچا توقىنىكى، بىر دانە ياغاچ چۆمۈچ، بىر دانە سوغا، ئاي شەكىللىك ياغاچ قاچا ... قاتارلىقلار تېپىلغان. 1914 ـ 1915 ـ يىللىرى روسىيە ئېكسپېدىتسىيىچىلىرى تۇرپاندىكى مىڭئۆيدىن نەچچە مىڭ تال ياغاچ مەتبەئە ھەرپى تېرىۋالغان. 1965 ـ يىلى يەنە بۇ جايدىن قەدىمكى ئۇيغۇر يېزىقىدىكى 16 قۇرلۇق خەت يېزىلغان سەككىز قىرلىق ياغاچ قوزۇق تېپىلغان. تۇرپاننىڭ ھەر قايسى مەدەنىيەت يادىكارلىق نۇقتىلىرىدا ئېلىپ بېرىلغان قېزىشلاردا ياغاچتىن ياسالغان بۇيۇملار ھېلىھەممۇ تېپىلىپ تۇرماقتا. جۈملىدىن ياغاچ ئويمىچىلىقتا ئىشلىتىلىدىغان قىرىش ـ ئويۇش ئەسۋابلىرىمۇ تېپىلدى ۋە تېپىلمەۋاتىدۇ.

دېمەك، يۇقىرىقى ياغاچ قونچاق ۋە باشقا ياغاچ ئاساس قىلىنغان يادىكارلىق بۇيۇملىرىدىن مەلۇمكى، تۇرپاندا ياشاپ ئۆتكەن ئەجدادلىرىمىز بۇنىڭدىن نەچچە مىڭ يىللار بۇرۇن ياغاچ ئويمىچىلىق مەدەنىيىتىدە يۇقىرى سەۋىيە ياراتقان.

**پايدىلىنىلغان مەنبەلەر:**


① «ئۇيغۇرلارنىڭ قىسقىچە تارىخى». شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى. 1989 ـ يىل نەشرى.

② «شىنجاڭ مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرى» ژۇرنىلىنىڭ 1988 ـ يىللىق 1 ـ سانى ۋە 1994 ـ يىللىق 1 ـ، 2 ـ، 3 ـ، 4 ـ سانلىرى.

③ «شىنجاڭ گېزىتى» نىڭ 1993 ـ يىل 6 ـ ئاينىڭ 29 ـ كۈنىدىكى سانى.


**(ئاپتور قاراقاش ناھىيىلىك ئەمگەك ـ كادىرلار ئىدارىسىدىن)**

# ئىجرانى توختىتىپ قويۇش توغرىسىدا

مەرھابا تۇرسۇن

ئىجرا قىلىش دەپ ئىجرا قىلىش مەجبۇرىيىتى بولغان دەۋالاشقۇچى بىر تەرەپ قانۇنىي كۈچكە ئىگە بولغان قانۇنىي ھۆججەتلەرنى ئىجرا قىلىشنى رەت قىلغاندا، خەلق سوت مەھكىمىسىنىڭ ئىجرا تەشكىلاتلىرى قانۇندا بەلگىلەنگەن تەرتىپ بويىچە ئۇلارغا مەجبۇرىي ئىجرا قىلدۇرۇپ، قانۇنىي ھۆججەتلەردىكى مەزمۇنىنىڭ ئەمەلگە ئاشۇرۇلۇشىغا كاپالەتلىك قىلىدىغان پائالىيەتكە ئېيتىلىدۇ. ئىجرا قىلىش ھەق تەلەپ دەۋا باسقۇچىنىڭ ئەڭ ئاخىرقى باسقۇچى بولۇپ، سوت ۋەزىپىسىنىڭ ئورۇندىلىشىغا كاپالەتلىك قىلىشنى مەقسەت قىلىدۇ.

ئىجرا قىلىش داۋامىدا، بەزى يېڭى ئەھۋاللارنىڭ كۆرۈلگەنلىكى تۈپەيلىدىن ئىجرا توختىتىلىدۇ ياكى ئاخىرلاشتۇرۇلىدۇ. ئىجرانى توختىتىپ تۇرۇش دەپ ئىجرا باشلانغاندىن كېيىن، بەزى ئالاھىدە ئەھۋاللار كۆرۈلگەنلىكتىن، ئىجرانى ۋاقىتىنچە توختىتىپ تۇرۇشقا ئېيتىلىدۇ. ھەق تەلەپ دەۋا قانۇنىنىڭ 234 ـ ماددىسىدىكى بەلگىلىمىگە ئاساسلانغاندا، تۆۋەندىكى ئەھۋاللارنىڭ بىرى كۆرۈلسە، خەلق سوت مەھكىمىسى ئىجرانى توختىتىپ تۇرۇش توغرىسىدا كېسىم چىقىرىشى كېرەك.

(1) ئىلتىماس قىلغۇچى كېچىكتۈرۈپ ئىلتىماس قىلىشقا قوشۇلسا. ئىلتىماس قىلغۇچى ئىجرانى توختىتىپ تۇرۇشقا قوشۇلىدىغانلىقىنى ئاغزاكى ياكى يازما ئىپادىلىشى ئۆزىنىڭ ھوقۇقىنى بىر تەرەپ قىلىدىغانلىقى بولغاچقا، كېچىكتۈرۈلىدىغان سۈرۈكى تۈگۈشتىن ئىلگىرى توختىتىپ تۇرۇلىدۇ.

(2) ئەنزە بىلەن مۇناسىۋەتسىز كىشى ئىجرا نىشانى ئۈستىدە ھەقىقەتەن ئورۇنلۇق بولغان باشقىچە پىكىر بەرسە. ئىجراچى ئەنزە سىرتىدىكى كىشىلەرنىڭ ئىجرا قىلىش ئۈستىدە بەرگەن باشقىچە پىكىرنى تاپشۇرۇۋالغاندىن كېيىن، ۋاقتىدا تەكشۈرۈپ كۆرۈپ، ھەقىقەتەن ئورۇنلۇق دەپ قارىسا، ئاساسلىق مەسئۇل مەھكىمە باشلىقىغا تەستىقلىتىش ئارقىلىق ئىجرانى توختىتىپ تۇرىدۇ ھەمدە كېڭەشمە سوتنىڭ ياكى سوت مەھكىمىسىنىڭ مۇزاكىرە قىلىپ قارار چىقىرىشىغا سۇنىدۇ.

(3) دەۋالاشقۇچى بىر تەرەپ بولغان پۇقرا ئۆلۈپ كېتىپ، ۋارىسىنىڭ ھوقۇقىغا ۋارىسلىق قىلىشنى ياكى مەجبۇرىيىتىنى ئۈستىگە ئېلىشنى كۈتۈپ تۇرۇشقا توغرا كەلسە. ئىلتىماس قىلغۇچى ئۆلۈپ كېتىپ، ھوقۇقىدىن بەھرىمەن بولىدىغان ئادەم چىقمىغانلىقتىن، ۋارىسىنىڭ ھوقۇقىغا ۋارىسلىق قىلىدىغان ياكى مەجبۇرىيىتىنى ئۈستىگە ئالىدىغان ئادەمنى كۈتۈپ تۇرۇشقا توغرا كەلسە ياكى ئىجرا قىلىنىغۇچى ئۆلۈپ كېتىپ، مەجبۇرىيىتىنى ئۈستىگە ئالىدىغان ئادەم چىقماي، ۋارىسىنىڭ چىقىپ مەجبۇرىيىتىنى ئۈستىگە ئېلىشىنى كۈتۈپ تۇرۇشقا توغرا كەلسە، ئۇلارنىڭ ۋارىسى چىقىپ دەۋالاشقۇچىلارنىڭ ئورنىنى ئېلىشتىن ئىلگىرى ئىجرانى توختىتىپ تۇرۇشقا بولىدۇ.

(4) دەۋالاشقۇچى بىر تەرەپ بولغان قانۇنىي ئىگە ياكى باشقا تەشكىلاتلار ئەمەلدىن قالدۇرۇلۇپ، ھوقۇق ـ مەجبۇرىيىتىنى ئۈستىگە ئالغۇچى تېخى بەلگىلەنمىگەن بولسا. قانۇنىي ئىگە ۋە باشقا تەشكىلاتلارنىڭ ئەمەلدىن قالدۇرۇلغانلىقى، بىرلەشتۈرۈۋېتىلگەنلىكى تۈپەيلىدىن، ئۇلارنىڭ قەرزنى كەچۈرۈم قىلىۋېتىشكە بولمايدىغان بولغاچقا، ھوقۇقىدىن بەھرىمەن بولىدىغان مەجبۇرىيىتىنى ئادا قىلىدىغان يېڭى قانۇنىي ئىگىلەر ياكى باشقا تەشكىلاتلارنىڭ ئۈستىگە ئالدۇرۇش ھەمدە ئۇلارنى قەرزنى تۆلەشكە مەسئۇل قىلىش كېرەك. ئۇلارنىڭ ھوقۇق ـ مەجبۇرىيىتىنى قوبۇل قىلىدىغان دەۋالاشقۇچىلار چىقىشتىن ئاۋۋال ئىجرا توختىتىلىپ تۇرۇلىدۇ.

(5) خەلق سوت مەھكىمىسىنىڭ ئىجرانى توختىتىپ تۇرۇشقا سەۋەب بولىدىغان باشقا ئەھۋاللار كۆرۈلسە.

يۇقىرىدا ئېيتىلغان سەۋەبلەردىن سىرت، ئىجرا قىلىنىغۇچى يوقاپ كېتىش، ئىجرا قىلىشنىڭ قانۇنىي ئاساسى قىلىنىدىغان ھۆججەت سوت قىلىنىۋاتقان ئەنزىلەر بىلەن زىچ مۇناسىۋەتى بولۇپ، شۇ ئەنزە سوت قىلىپ ئاخىرلاشتۇرۇلمىغىچە مۇستەقىل ئىجرا قىلغىلى بولماسلىق قاتارلىق ئەھۋاللار بولسا ئىجرانى توختىتىپ تۇرۇشقا بولىدۇ. ئىلتىماس قىلغۇچى ئىجرانى توختىتىپ تۇرۇش توغرىسىدىكى كېسىمنامىنى تاپشۇرۇۋالغاندىن كېيىن، ئىجرانى توختىتىپ تۇرۇشقا قوشۇلمىسا، ئىجراچى مەھكىمە باشلىقىغا مەلۇم قىلىپ تەستىقلاتقاندىن كېيىن، كېسىمنىڭ ئىجراسىنى توختىتىپ تۇرىدۇ. ئىجرانى توختىتىپ تۇرۇشنى كەلتۈرۈپ چىقارغان سەۋەبلەر تۈگىتىلگەندىن كېيىن، ئىجرا دەرھال ئەسلىگە كەلتۈرۈلىدۇ.

(ئاپتور غۇلجا شەھەرلىك خ ق دائىمىي كومىتېتىدىن)

# تېگىئېرىق كەنتىنىڭ ياخشى باشلامچىسى

## ——قەشقەر ۋىلايىتى بويىچە مىللەتلەر ئىتتىپاقىدا نەمۇنىچى شەخس، ناھىيە، يېزىلىق خەلق قۇرۇلتايلىرىنىڭ ۋەكىلى، مۇنەۋۋەر كومپارتىيە ئەزاسى غوپۇر مامۇت توغرىسىدا


ساۋۇت تۇردى

پەيزاۋات ناھىيە تېرىم يېزا، تېگىئېرىق كەنتى پارتىيە ياچېيكىسىنىڭ شۇجىسى يولداش غوپۇر مامۇت ئۆزىنىڭ پولاتتەك ئىرادىسى، چىۋەرلىكى بىلەن دېھقانلارنى ھاللىق سەۋىيىگە يۈرۈش قىلىشقا يېتەكلە ۋاتقان ياخشى باشلامچىلارنىڭ تىپىك ۋەكىلى. ئۇ 1978 ـ يىلدىن بۇيان بۇ كەنتكە مۇئاۋىن مۇدىر، شۇجى بولۇپ سايلانغاندىن تارتىپ 1999 ـ يىلغىچە جان پىدالىق بىلەن ئىشلەپ كەنتنىڭ قىياپىتىنى ئۆزگەرتىش، دېھقانلارنىڭ تۇرمۇش سەۋىيىسىنى ياخشىلاش جەھەتلەردە كۆرۈنەرلىك تۆھپە قوشتى. گەرچە بۇ كەنت بازار مەركىزىگە يېقىن بولسىمۇ يېرى ئاز، سۇ مەنبەسى كەمچىل، تۇپراق شارائىتى ياخشى بولمىغانلىقى ئۈچۈن، بۇ يەردىكى بىر قىسىم دېھقانلار تۇرمۇش كەچۈرۈشكە ئامالسىز قېلىپ باشقا جايلارغا كۆچۈپ كەتتى. دەل مۇشۇنداق شارائىتتا كەنت مەسئۇللۇقىنى ئۈستىگە ئالغان يولداش غوپۇر مامۇت كەنت رەھبەرلىك بەنزىسىدىكى بىر بەن ئادەمنى ئىتتىپاقلاشتۇرۇپ ۋە يېتەكلەپ، كۆپ قېتىم كەنتنىڭ نامراتلىق قىياپىتىنى ئۆزگەرتىش ئۈستىدە مۇھاكىمە ئېلىپ بېرىش بىلەن بىرگە، دېھقانلارنىڭ پىكىر، تەكلىپلىرىنى ئاڭلاپ، كەنتنىڭ ھاللىق سەۋىيىگە يېتىشتىكى پىلان تەدبىرلىرىنى تۈزۈپ چىقتى. ئۇلار ئالدى بىلەن كەنتتە سۇ قىس بولۇش مەسىلىسىنى ھەل قىلىش ئۈچۈن دېھقانلارنى ئېرىق، ئۆستەڭ چېپىپ، تومۇ ـ تاقاق ياساشقا سەپەرۋەر قىلىپ، ئېرىق ـ ئۆستەڭنى سۇ سىڭمەسلەشتۈرۈشنى چىڭ تۇتتى. تۆۋەن ھوسۇللۇق ئېتىزلارنى ئۆزگەرتىشكە سەپەرۋەر قىلىپ، 800 مو يەرنى يۇقىرى ھوسۇللۇق ئېتىزغا، 1000 مو يەرنى سالا ئېتىزغا ئايلاندۇردى، قاقاسلىقتىن 400 مودىن ئارتۇق يېنام يەر ئېچىپ تېرىلغۇ يەر كۆلىمىنى كېڭەيتتى. يولداش غوپۇر مامۇت دېھقانلارنى ئىلمىي ئۇسۇل بويىچە تېرىقچىلىق قىلىش، دېھقانلارنى پەن ـ تېخنىكا بىلىملىرى بويىچە تەربىيىلەشنى چىڭ تۇتۇپ، كەنتنى بىرلىك قىلغان دېھقانلار پەن ـ تېخنىكا سىنىپىغا تەشكىللەپ، دېھقانچىلىقنىڭ ئارسالدى ۋاقتىدىن پايدىلىنىپ دېھقانلاردىن 1600 ئادەم (قېتىم) نى ئەمەلىي قوللىنىدىغان پەن ـ تېخنىكا بىلىملىرى بويىچە تەربىيىلىدى. ناھىيىلىك، يېزىلىق پەن ـ تېخنىكا مۇلازىمەت ئورۇنلىرىدىن تېخنىكا خادىملارنى تەكلىپ قىلىپ دەرس ئۆتۈپ، ئەمەلىي مەشغۇلات ئېلىپ بېرىش قاتارلىق ئۇسۇللار بىلەن تەربىيىلەپ، كەنت بويىچە ھەر بىر ئائىلىدە بىردىن پەن ـ تېخنىكىنى بىلىدىغان ئادەم بولۇشنى ئىشقا ئاشۇردى ھەمدە باغۇەنچىلىك، ئورمانچىلىق، چارۋىچىلىق قاتارلىق قوشۇمچە ئىگىلىك بىلەن شۇغۇللىنىشقا يېتەكلەپ، 2 ـ 3 ـ كەسىپ بىلەن شۇغۇللىنىدىغان ئائىلىلەرنى تەدرىجىي كۆپەيتتى. ئالتە كىلومېتىر ئۇزۇنلۇقتا ئورمان بەلبېغى ياساپ 150 مىڭ تۈپتىن ئارتۇق دەرەخ تىكتى ۋە يەنە كەنتتىكى نامرات ئائىلىلەرنىڭ بالدۇرراق نامراتلىق قالپىقىنى چۆرۈپ تاشلىشى ئۈچۈن كەنت كادىرلىرى، پارتىيە ئەزالىرىنى بىردىن نامرات ئائىلىنى ھۆددە ئېلىپ نامراتلىقتىن قۇتۇلدۇرۇشقا سەپەرۋەر قىلىپ، ئۆزى باشلامچىلىق بىلەن نامرات ئائىلە ھۆددە ئېلىپ، ئۇلارغا ئىلگىرى ئاخىر بولۇپ 200 كىلوگىرام ئاشلىق، بىر قىسىم كىيىم ـ كېچەك قاتارلىقلارنى ياردەم قىلدى. ھەر يىلى ئۇلارنىڭ

يازلىق، كۆزلۈك يىغىم ـ تېرىم ئىشلىرىغا ياردەملەشتى.

بۆلتۈر ئىچكىرى ئۆلكىدىن بۇ كەنتكە كېلىپ ئولتۇراقلىشىپ قالغان جاڭجەنشو ئىسىملىك خەنزۇ يولداشقا يېڭىدىن ئىككى ئېغىزلىق ئۆي سېلىپ بەردى، تېرىلغۇ يەر ئاجرىتىپ بەردى، ئۇنىڭ بالىلىرىنى ئۇيغۇرچە مەكتەپتە ئوقۇتتى. شۇڭا بۆلتۈر كەنت بويىچە 29 نامرات ئائىلە نامراتلىقتىن قۇتۇلدى. يولداش غوپۇر مامۇت دېھقانلار ئاز ـ تولا ھاللىنىپ كەنت ئىقتىسادى ئاشقاندىن كېيىن بۇ كەنتتىكى مەكتەپلەرنىڭ خەتەرلىك سىنىپلىرىنى يېڭىلاپ، ئوقۇغۇچىلارنىڭ خاتىرجەم ئوقۇشى ئۈچۈن شارائىت ھازىرلاپ بەردى. 120 دىن ئارتۇق ئائىلىگە سۇ تورۇبىسى ئورنىتىپ بەردى، كەنت بويىچە توك، تېلېۋىزور، رادىئونىڭ قاپلىنىش نىسبىتى % 100 كە يەتتى. يولداش غوپۇر مامۇتنىڭ تىرىشچانلىقى بىلەن كەنتنىڭ تەرەققىياتى تېزلىتىلىپ، كىشى بېشىغا توغرا كەلگەن ساپ كىرىم 1200 يۈەنگە يەتتى. شۇڭا بۇ كەنت ئىلگىرى ئاخىر بولۇپ كۆپ قېتىم ناھىيە بويىچە «ئىلغار ئاساسىي قاتلام پارتىيە تەشكىلاتى»، «قوش مەدەنىيلىك كەنت» بولۇپ تەقدىرلەندى. 1998 ـ يىلى پاختا ئىشلەپچىقىرىشتىكى ئىلغار كەنت، پىلانلىق تۇغۇت خىزمىتىدىكى ئىلغار كەنت بولۇپ تەقدىرلەندى. يولداش غوپۇر مامۇت ۋىلايەت، ناھىيە، يېزا تەرىپىدىن كۆپ قېتىم ئىلغار بولۇپ تەقدىرلەندى. بۆلتۈر ۋىلايەت بويىچە ئېچىلغان مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقىدىكى تەقدىرلەش يىغىنىدا ۋىلايەت بويىچە مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقىنى پەرۋىشلىگەن نەمۇنىچى شەخس بولۇپ باھالىنىپ تەقدىرلەندى ھەمدە ئىلغار ياچېيكا شۇجىسى بولۇپ تەقدىرلەندى.

(ئاپتور پەيزاۋات ناھىيىلىك پەن ـ تېخنىكا كومىتېتىدىن)



## ھايات دېگەن نېمە؟

كەسىپ دەيدۇ: ھايات — بىناكارلىق قۇرۇلۇش تارىخىدىكى بىر پارچە خىش.

كۆرەش دەيدۇ: ھايات — دولقۇنلار بىلەن ئېلىشقۇچى بىر جۈپ پالاق.

ئۈمىد دەيدۇ: ھايات — بارلىق گۈزەللىكنىڭ مەنبەسى بولغان جىرايلىق غۇنچە.

مۇھەببەت دەيدۇ: ھايات — چەكسىز شېرىن سۆيگىنى ئىزدەش دېمەكتۇر.

دوستلۇق دەيدۇ: ھايات — باشقىلارنىڭ يۇقىرى ئۆرلىشىگە ياردەم قىلغۇچى شوتا.

ئەمگەكچانلىق دەيدۇ: ھايات — ئەبەدىيتنى ئۆزلەشتۈرگۈچى ئۆي (ئوكۇن).

ئەركىنلىك دەيدۇ: ھايات — ئالىي سەھەردە قەپەزدىن ئۇچۇپ چىققان كەپتەر.

بەخت دەيدۇ: ھايات — جوزىغا تىزىلغان كىشىلەرگە لەززەت بېغىشلايدىغان ئېسىل تائامدۇر.

ئاچكۆزلۈك دەيدۇ: ھايات — بارلىق ئامال بار مال ـ دۇنيا يىغىشتۇر.

ئىككارچىلىق دەيدۇ: ھايات — بىر پىيالە تەمسىز قايناق سۇ.

ئىرادىسىزلىك دەيدۇ: ھايات — يىپى ئۈزۈلگەن، لەيلەپ تۇرغان لەگلەك.

قىيىنچىلىق دەيدۇ: ھايات — ئەگرى ـ توقاي تاغ يولى.

ئۈگۈنسىزلىق دەيدۇ: ھايات — يوشۇرۇن خادا تاشلار ئارىسىدا كېتىۋاتقان كېمە.

پۇرسەتپەرەسلىك دەيدۇ: ھايات — بارمايدىغان، كىرمەيدىغان يېرى يوق شامال.

مەرتىۋە دەيدۇ: ھايات — شاھ قەسىرىدىكى چاقناپ تۇرغان تەخت.

شۆھرەتپەرەسلىك دەيدۇ: ھايات — ئالتۇن ـ كۈمۈش بىلەن بېزەلگەن تون.

بىزارلىق دەيدۇ: ھايات — ۋەيران بولاي دەپ قالغان قەبرە تاختىسى.

ئىلياس تەييارلىغان

## ئاقسۇ شەھىرىدە «119» ئوت ئۆچۈرۈش مانېۋىرى ئۆتكۈزۈلدى

11 ـ ئاينىڭ 9 ـ كۈنىدىكى ئوت ئۆچۈرۈش كۈنى مۇناسىۋىتى بىلەن ئاقسۇ شەھىرىدە «119» ئوت ئۆچۈرۈش مانېۋىرى ئۆتكۈزۈلدى.

11 ـ ئاينىڭ 9 ـ كۈنى شىنجاڭ ۋاقتى سائەت 10 دا يېزا ئىگىلىك 1 ـ دىۋىزىيىسىنىڭ ياشانغانلار پائالىيەت مەركىزىنىڭ 34 مېتىر ئېگىزلىكتىكى بىناسى ئۈستىدە قويۇق ئىس ـ تۈتەكلەر كۆتۈرۈلۈپ، بىر قانچە ئۆيلەرنىڭ راملىرىدا ئوت يالقۇنى يامرىدى. ئارقىدىنلا ياڭراق سىگنال بىلەن چوڭ ـ كىچىك سەككىز دانە ئوت ئۆچۈرۈش ماشىنىسى نەق مەيدانغا يېتىپ كېلىپ، سۇ چېچىپ، ئوت ئۆچۈرۈشكە كىرىشتى. ئوت ئۆچۈرۈشكە 40 تىن ئارتۇق ئوت ئۆچۈرۈش جەڭچىسى قاتناشقان بولۇپ، بەزى جەڭچىلەر ئېگىز بىنا ئۈستىدىن ئاغامچا بىلەن سىيرىلىپ چۈشۈپ، ئۆزلىرىنىڭ جەڭگىۋار قىياپىتىنى نامايان قىلدى.

بۇ قېتىمقى «119» ئوتتىن مۇداپىئە كۆرۈش مانېۋىرىغا ۋىلايەتلىك نېفىت شىركىتى، پاختا شىركىتى قاتارلىق ئوتتىن مۇداپىئە كۆرۈشتە نۇقتىلىق قوغدىلىدىغان ئورۇنلار يېقىندىن ھەمكارلاشتى. 500 دىن كۆپرەك ھەر مىللەت خەلق ئاممىسى ئوت ئۆچۈرۈش مانېۋىرىنى كۆرۈپ، تەربىيىگە ئىگە بولدى. «119» ئوت ئۆچۈرۈش مانېۋىرىدىن كېيىن ئاقسۇ ۋىلايەتلىك ۋە ئاقسۇ شەھەرلىك ئوتتىن مۇداپىئە كۆرۈش خادىملىرى ئاقسۇ شەھىرىنىڭ مەركىزىي كوچىلىرىدا ئوتتىن مۇداپىئە كۆرۈش مۇلازىمەت نۇقتىسى قۇرۇپ، ھەر مىللەت خەلق ئاممىسىنىڭ ئوتتىن مۇداپىئە كۆرۈش توغرىسىدا سورىغان سوئاللىرىغا جاۋاب بېرىپ، ئوتتىن مۇداپىئە كۆرۈش تەشۋىقات، تەلىم ـ تەربىيە پائالىيىتىنى جۇشقۇن قانات يايدۇردى.

(ئاقسۇ خەلق رادىئو ئىستانسىدىن
تۇرسۇن ئېلى، شەھەرلىك ئوتتىن مۇداپىئە
كۆرۈش بۆلۈمىدىن نۇردۇن ئىمىن)

## قاغىلىق ناھىيىلىك خەلق سوت مەھكىمىسى خادىملارنىڭ كەسپىي ساپاسىنى ئۆستۈرۈشكە ئەھمىيەت بەرمەكتە

قاغىلىق ناھىيىلىك خەلق سوت مەھكىمىسى ئۆز ئورنىدىكى بىر قىسىم كادىر ـ ساقچىلارنىڭ كەسپىي ساپاسى تۆۋەن بولۇشتەك ئوبيېكتىپ ئەھۋالغا قارىتا ئۇلارنى تەربىيىلەپ، كەسپىي ساپاسىنى ئۆستۈرۈش ئارقىلىق كۆرۈنەرلىك ئۈنۈمگە ئېرىشتى.

بۇ مەھكىمە خىزمەت ئۈنۈمدارلىقىنى يۇقىرى كۆتۈرۈش ئۈچۈن، ئىش ئورنىدا تەربىيىلەش بىلەن ئىشتىن ئايرىپ تەربىيىلەشنى تەڭ تۇتۇپ، ھەر ھەپتىنىڭ 1 ـ كۈنىنى كادىر ـ ساقچىلارنىڭ كەسپىي ئۆگىنىش كۈنى قىلىپ بېكىتىپ، بىر نەپەر مۇئاۋىن مەھكىمە باشلىقىنى مەخسۇس مەسئۇل قىلدى. بۇ مەھكىمە 1997 ـ يىلىنىڭ بېشىدىن بۇ يىل 11 ـ ئاينىڭ 5 ـ كۈنىگىچە 35 خادىمنى ھەر دەرىجىلىك كەسپىي مەكتەپلەردە ئوقۇشقا ۋە ئالىي مائارىپ بويىچە ئۆزلۈكىدىن بىلىم ئاشۇرۇشقا تەشكىللىدى. نەتىجىدە ھازىر بۇ مەھكىمىدە ئالىي تېخنىكومدىن يۇقىرى مەدەنىيەت سەۋىيىسىگە ئىگە كادىر 69 نەپەرگە يېتىپ، ئومۇمىي كادىر ـ ساقچىنىڭ 59% نى ئىگىلىدى.

بۇ مەھكىمە كادىر ـ ساقچىلارنىڭ كەسپىي ساپاسىنى ئۆستۈرۈشكىلا ئەھمىيەت بېرىپ قالماي، سىياسىي ـ ئىدىيە جەھەتتىن تەربىيىلەشكىمۇ ئەھمىيەت بېرىپ، يۇقىرى ئۆلچەم، قاتتىق تەلەپ قويدى. شەرتى پىشىپ يېتىلگەن ئون نەپەر خادىمنى پارتىيە تەشكىلىگە تونۇشتۇردى. توققۇز نەپەر خادىمنى سوتچى ۋە ياردەمچى سوتچىلىققا تەيىنلەپ، بەش نەپىرىنى ھەر قايسى بۆلۈم ـ ئىشخانىلارنىڭ ۋە ئاساسىي قاتلام سوت كوللېگىيىلىرىنىڭ مەسئۇللىقىغا قويدى. يېڭىدىن ئۆستۈرۈلگەن بۇ خادىملار ئۆزلىرىنىڭ باشلامچىلىق ۋە نەمۇنىلىك رولىنى ياخشى جارى قىلدۇرۇپ، قانۇننى ئادىل ئىجرا قىلغانلىقتىن، جىنايى ئىشلار، ھەق تەلەپ، مەمۇرىي دەۋالاردا ناھەق، ئۇۋال قىلىنغان دېلولارنىڭ يۈز بېرىشىنىڭ ئالدى ئېلىنىپ، بېجىرىلگەن دېلولارنىڭ توغرىلىق نىسبىتى 98.6% كە يېتىپ، ئالاقىدار تارماقلارنىڭ ياخشى باھاسىغا ئېرىشتى.

(قاغىلىق ناھىيىلىك تەپتىش مەھكىمىسىدىن
ئادىل مەتنىياز، ئايۇپجان روزى)

## باي ناھىيىلىك سوت ، تەپتىش مەھكىمىلىرى خەلق قۇرۇلتىيى ۋە ئۇنىڭ دائىمىي كومىتېتىنىڭ نازارەتچىلىكىنى ئەستايىدىل ياخشى قوبۇل قىلىپ ، ئادىل ئەدلىيە يۈرگۈزۈش سەۋىيىسىنى تېخىمۇ ئۆستۈردى

ئالىي خەلق سوت مەھكىمىسىنىڭ «خەلق سوت مەھكىمىلىرى خەلق قۇرۇلتىيى ۋە ئۇنىڭ دائىمىي كومىتېتىنىڭ نازارەتچىلىكىنى قوبۇل قىلىش توغرىسىدىكى پىكىر» ، ئالىي خەلق تەپتىش مەھكىمىسىنىڭ «تەپتىش كادىر ـ ساقچىلىرىنىڭ سىياسىي ، كەسپىي ساپا تەربىيىسىنى كۈچەيتىپ ، قانۇننى ئادىل ئىجرا قىلىش سەۋىيىسىنى ئۆستۈرۈش توغرىسىدىكى ئۇقتۇرۇش» ىنىڭ روھىغا ئاساسەن ، ناھىيىلىك سوت ، تەپتىش مەھكىمىلىرى تەشەببۇسكارلىق بىلەن ناھىيىلىك خ ق دائىمىي كومىتېتىغا خەلق قۇرۇلتىيى ۋەكىللىرىنى ئىككى مەھكىمە خىزمىتىنى كۆزدىن كەچۈرۈشكە تەكلىپ بەرگەندى. ناھىيىلىك خ ق دائىمىي كومىتېتى بۇ ئىشنى قىزغىن قوللاپ، ناھىيىلىك خ ق دائىمىي كومىتېتىنىڭ مۇئاۋىن مۇدىرى سۇلايمان ھاشىم باشچىلىقىدا دائىمىي كومىتېت ئەزالىرى، ئىككى مەھكىمە باشلىقلىرى، سوت، تەپتىش خادىملىرىدىن تەركىب تاپقان 15 كىشىنى ئۈچ گۇرۇپپا قىلىپ تەشكىللەپ 10 ـ ئاينىڭ 24 ـ كۈنىدىن 26 ـ كۈنىگىچە 15 يېزا (بازار) دېھقانچىلىق مەيدانلىرىغا بېرىپ ، ناھىيىمىزدىكى ئاپتونوم رايونلۇق 9 ـ نۆۋەتلىك خەلق قۇرۇلتىيى ۋەكىللىرى ، ناھىيىلىك ۋە يېزا ـ بازارلىق خەلق قۇرۇلتىيى ۋەكىللىرىدىن 321 كىشى بىلەن سۆھبەت يىغىنى ئېچىپ ، ۋەكىللەرنىڭ ئىككى مەھكىمە خىزمىتىنى كۆزدىن كەچۈرۈپ، پىكىر بېرىپ نازارەت قىلىشىنى قوبۇل قىلدى.

سۆھبەت يىغىنلىرىدا ۋەكىللەر ئىككى مەھكىمىنىڭ خىزمىتىدىن رازى ئىكەنلىكىنى بىلدۈرۈش بىلەن بىرگە، ئىككى مەھكىمە خىزمىتىدە قانۇن بويىچە دېلو بېجىرىش ، ئادىل دېلو بېجىرىشتە ساقلىنىۋاتقان مەسىلىلەرنى كۆرسىتىپ بەردى. ئىككى مەھكىمىنىڭ قوشۇن قۇرۇلۇشىنى كۈچەيتىش ، خىزمەت شارائىتىنى ياخشىلاش، دېلو بېجىرىش سۈپىتى ۋە ئۈنۈمىنى تېخىمۇ يۇقىرى كۆتۈرۈش ھەققىدە تەكلىپ، تەۋسىيە، پىكىرلەرنى بەردى. كۆزدىن كەچۈرۈش ئاخىرلاشقاندا ناھىيىلىك خ ق دائىمىي كومىتېتى ناھىيىلىك پارتكوم، خەلق ھۆكۈمىتى رەھبەرلىرى، ئىككى مەھكىمە باشلىقى، ج خ ، ئەدلىيە ، يەر باشقۇرۇش ، چارۋىچىلىق ئىدارىلىرى مەسئۇللىرىنى قاتناشتۇرۇپ، كۆزدىن كەچۈرۈش ئەھۋالىدىن دوكلات قىلىش يىغىنى چاقىردى.

يىغىندا ئىككى مەھكىمە ج خ ۋە مۇناسىۋەتلىك تارماقلارنىڭ خىزمەتتە ئۆزئارا ماسلىشىشىنى، ئىككى مەھكىمە ۋە ج خ ئورۇنلىرىنىڭ دېلولارنى قانۇن بويىچە ئادىل بېجىرىش ، خەلق رازى بولىدىغان سوت ، تەپتىش مەھكىمىسى بولۇش ، خەلق رازى بولىدىغان كادىر ـ ساقچى بولۇشنى، ئادىل ئەدلىيە يۈرگۈزۈش سەۋىيىسىنى يەنىمۇ يۇقىرى كۆتۈرۈشنى تەلەپ قىلدى.

ئىككى مەھكىمە ۋە ج خ ئىدارىسى خەلق قۇرۇلتىيى ۋە ئۇنىڭ دائىمىي كومىتېتىنىڭ نازارەتچىلىكىنى ئاڭلىق قوبۇل قىلىپ ، ساقلانغان مەسىلىلەرنى تۈزىتىپ، قانۇن ئىجرا قىلىش سالمىقى ۋە دېلو بېجىرىش ئېنىقلىقى دەرىجىسىنى تېخىمۇ ئۆستۈرىدىغانلىقىنى بىلدۈردى.

(باي ناھىيىلىك خ ق دائىمىي كومىتېتىدىن ئىبراھىم مەمەت)

※ ※ ※ ※ ※

## قاغىلىق ناھىيىلىك خەلق سوت مەھكىمىسى جىنايى ئىشلار جىنايەتچىلىرىگە قاتتىق زەربە بېرىپ ، مۇقىملىقنى ئىلگىرى سۈردى

قاغىلىق ناھىيىلىك خەلق سوت مەھكىمىسى يېقىنقى ئىككى يىلدىن بۇيان ، ئۆزىنىڭ دۆلەتكە ۋاكالىتەن سوت پائالىيىتىنى مۇستەقىل يۈرگۈزۈشتەك خىزمەت ئۇستۇنلۇكىنى تولۇق جارى قىلدۇرۇپ، تۈرلۈك جىنايى ئىشلار جىنايەتچىلىرىگە قاتتىق ۋە ئۈنۈملۈك زەربە بېرىپ، كۆرۈنەرلىك نەتىجىلەرگە ئېرىشتى.

بۇ مەھكىمە جىنايى ئىشلار جىنايەتچىلىرىگە قاتتىق زەربە بېرىشنى جەمئىيەتنىڭ تىنچ ، خەلقنىڭ خاتىرجەم بولۇشىنى ئىشقا ئاشۇرۇشتىكى مۇھىم بىر تەدبىر سۈپىتىدە چىڭ تۇتۇپ ، دەل ، قاتتىق بولۇش ،

خىزمەتنى جەزمەن توغرا ئىشلەش پرىنسىپىنى گەۋ-
چىلىلاشتۇردى. باھالاپ بېكىتىش تۈزۈمىنى ئورنىتىپ،
سوتلاپ ھۆكۈم قىلىنغان دېلولارنى قەرەللىك تەكشۈرۈپ
نومۇر قويۇش، خاتا بېجىرگۈچىلەرنى سۈرۈشتە قى-
لىشنى قېلىپلاشتۇرۇپ، ئۇلارنىڭ مەسئۇلىيەتچانلىق
تۇيغۇسىنى كۈچەيتتى. جەمئىيەتتىن نازارەتچى تەكلىپ
قىلىپ، ئاڭلىق تۈردە ئاممىنىڭ نازارىتىنى قوبۇل
قىلدى. بۇنىڭ بىلەن ئۇلار دېلو بېجىرىشتە «پاكىتنى
ئاساس، قانۇننى ئۆلچەم قىلىش» پرىنسىپىدا باشتىن
ئاخىر چىڭ تۇرۇپ، «مۇناسىۋەت دېلوسى»، «ئادەمگەر-
چىلىك دېلوسى» ۋە «ئورۇق - تۇغقاندارچىلىق دېلوسى»
بېجىرىشتىن قاتتىق ساقلىنىپ، دېلولارنىڭ توغرىلىق
ۋە سۈپەت ئۆتكىلىنى پۇختا ئىگىلەپ، خىزمەتلەرنى ئۈ-
نۈملۈك قانات يايدۇردى. بۇ جەرياندا گۇماندارلارنىڭ ئا-
ئىلە - تاۋابىئاتلىرى مەقسەتلىك ئۇيۇشتۇرغان 110 قې-
تىملىق مېھماندارچىلىقنى ۋە 6000 يۈەن قىممىتىدىكى
نەق پۇل، ماددىي بۇيۇملارنى كەسكىن رەت قىلىپ،
پاكلىق قورۇلۇشىنى ئىلگىرى سۈردى. نەتىجىدە بۇ
مەھكىمە 1998 - يىلىنىڭ بېشىدىن بۇ يىل 11 - ئاينىڭ
5 - كۈنىگىچە تۈرلۈك جىنايى ئىشلار دېلولىرىدىن 284
پارچىسىنى قانۇندا بەلگىلەنگەن ۋاقىت سۈرۈكى ئىچىدە
توغرا بېجىرىپ، سوتلاپ ھۆكۈم چىقىرىپ، ناھىيىنىڭ
ئىجتىمائىي مۇقىملىقىنى ئىلگىرى سۈرۈشتە ئۆز رو-
لىنى ياخشى جارى قىلدۇردى.

(قاغىلىق ناھىيىلىك خەلق تەپتىش
مەھكىمىسىدىن ئادىل مەتنىياز،
ئايۇپجان روزى)

※ ※ ※ ※ ※

## خەلق ۋەكىللىرى ئاپەت رايونىدىكى خەلقلەرگە ئىللىقلىق يەتكۈزدى

1999 - يىلى 7 - ئاينىڭ ئوتتۇرلىرىدىن بۇيان
شايار ناھىيىسى 100 يىلدىن بۇيان كۆرۈلمىگەن كەلكۈن
ئاپىتىگە ئۇچرىدى. ئاپەت يۈز بەرگەندىن كېيىن، پۈتۈن
ناھىيىدىكى ھەر دەرىجىلىك خەلق ۋەكىللىرى ھەر دە-
رىجىلىك پارتكوم ۋە ھۆكۈمەتنىڭ رەھبەرلىكىدە، قەل-
بىنى ئاپەت رايونىدىكى خەلققە باغلاپ، خەلق ۋەكىللى-
رىنىڭ نەمۇنىلىك، باشلامچىلىق رولىنى جارى قىلدۇ-
رۇپ، كەلكۈنگە تاقابىل تۇرۇش، كەلكۈندىن مۇداپىئە-
لىنىشنىڭ ئالدىنقى سېپىدە كېچە - كۈندۈز تىرىشىپ
ئىشلەپ، پۈتۈن ناھىيىنىڭ كەلكۈنگە تاقابىل تۇرۇش،
كەلكۈندىن مۇداپىئەلىنىشنىڭ باسقۇچ خاراكتېرلىك
غەلىبىسىنى قولغا كەلتۈردى. 8 - ئاينىڭ ئاخىرلىرى-
غىچە جەمئىي 416 نەپەر ھەر دەرىجىلىك خەلق ۋەكىللى-
رى كەلكۈنگە تاقابىل تۇرۇش، ئاپەتتىن قۇتقۇزۇش پائا-
لىيىتىگە قاتناشتى. بۇ پۈتۈن ناھىيىدىكى ھەر دەرىجە-
لىك خەلق ۋەكىللىرى ئومۇمىي سانىنىڭ 70% ىنى
ئىگىلەيدۇ.

ناھىيىلىك خ ق دائىمىي كومىتېتى ئورگى-
نىدىكى كادىر، ئىشچى - خىزمەتچىلەر قەلبىنى كەل-
كۈنگە تاقابىل تۇرۇپ ئاپەتتىن قۇتقۇزۇشقا ۋە ئاپەت رايو-
نىدىكى خەلققە باغلاپ، يۇقىرىنىڭ چاقىرىقىغا ئاۋاز
قوشۇپ، تەشەببۇسكارلىق بىلەن ئالدىنقى سەپكە بې-
رىپ، كەلكۈنگە تاقابىل تۇرۇش جېڭىگە قاتناشتى. ئۇ-
لارنىڭ بۇ روھى قىياپىتى ئاپەت رايونىدىكى خەلقلەرنىڭ
ۋە كەلكۈنگە تاقابىل تۇرۇش ئالدىنقى سېپىدىكى يول-
داشلارنىڭ ماختىشىغا سازاۋەر بولدى ھەم ناھىيىلىك
پارتكوم رەھبەرلىرىنىڭ يۇقىرى باھاسىغا ئېرىشتى.

پۈتۈن ناھىيە بويىچە كەلكۈنگە تاقابىل تۇ-
رۇش، كەلكۈندىن مۇداپىئەلىنىشنىڭ باسقۇچ خاراك-
تېرلىك غەلىبىسى قولغا كەلتۈرۈلگەندىن كېيىن، ئا-
پەت رايونىدىكى خەلقلەرنىڭ يۇرت - ماكانلىرىنى قايتى-
دىن قۇرۇشتا، پۈتكۈل جەمئىيەتنىڭ ئىللىق مېھرى
بىلەن ياردەم قولىنى سوزۇشقا مۇھتاج بولدى. ئاپتونوم
رايون ۋە ۋىلايەتنىڭ كەلكۈنگە تاقابىل تۇرۇش، ئاپەتتىن
قۇتقۇزۇشقا ئىئانە توپلاش تېلېفون يىغىنىدىن كېيىن،
ناھىيىلىك خ ق دائىمىي كومىتېتى «ناھىيە بويىچە ھەر
دەرىجىلىك خەلق ۋەكىللىرى ئارىسىدا كەلكۈنگە تاقابىل
تۇرۇشقا ئىئانە توپلاش پائالىيىتىنى قانات يايدۇرۇش
توغرىسىدىكى ئۇقتۇرۇش» نى دەرھال چۈشۈرۈپ، ھەر
دەرىجىلىك خەلق ۋەكىللىرىنىڭ «بىر تەرەپ قىيىنچى-
لىققا ئۇچرىسا، كۆپ تەرەپ ياردەم بېرىش، ئىتتىپاق-
لىشىپ ئۆزئارا ياردەم قىلىش» تەك جۇڭخۇا مىللىتى-
نىڭ ئېسىل ئەنئەنىسى ۋە كەلكۈنگە تاقابىل تۇرۇش
روھىنى جارى قىلدۇرۇپ، ئىئانە توپلاپ، ئاپەت رايو-

نىدىكى خەلقلەرگە ياردەم بېرىشنى تەلەپ قىلدى. ناھە-
يىلىك خ ق دائىمىي كومىتېتىنىڭ رەھبەرلىرى ۋە
ئىشخانا، ھەر قايسى خىزمەت كومىتېتىنىڭ مۇدىرلىرى
ھەم ھەر دەرىجىلىك خەلق ۋەكىللىرى نەق مەيداندا باش-
لامچى بولۇپ ئارقا ـ ئارقىدىن ئىئانە قىلدى.

(شايار ناھىيىلىك خ ق دائىمىي كومىتېتىدىن
مەخمۇت سايىم)

※ ※ ※ ※ ※

## ئالاغىر يېزىلىق خ ق ھەيئەت رىياسىتى نازارەت-
## چىلىك رولىنى جارى قىلدۇرۇپ ياخشى ئۈنۈم
## ھاسىل قىلدى

مارالبېشى ناھىيىسىدىكى ئالاغىر يېزىلىق خ
ق ھەيئەت رىياسىتى 1996 ـ يىلدىن بۇيان ئۆز يېزىسى-
نىڭ ئىگىلىك تەرەققىياتىنى، كادىرلار قوشۇنى قۇرۇ-
لۇشىنى كۈچەيتىش جەريانىدا نازارەتچىلىك رولىنى تو-
لۇق جارى قىلدۇرۇپ، يېزىلىق پارتكومنىڭ قوللىشى
، خەلقنىڭ ھىمايىسىگە ئېرىشتى.

بۇ ھەيئەت رىياسىتى فۇنكسىيىسىنى جارى
قىلدۇرۇش جەريانىدا تۆۋەندىكىدەك خىزمەتلەرنى ياخشى
ئىشلەپ ئۈنۈم ھاسىل قىلدى. بىرىنچى، ھەر دەرىجى-
لىك خەلق قۇرۇلتىيى ۋەكىللىرىنىڭ مۇناسىۋەتلىك
قانۇن ـ نىزاملارنى ئۆگىنىشىنى كۈچەيتىش بىلەن بىر
ۋاقىتتا، تەشۋىقاتنى كەڭ كۆلەمدە قانات يايدۇرۇپ، خەلق
ۋەكىللىرى ۋە ئاممىنىڭ قانۇن ـ تۈزۈم ئېڭىنى ئۆس-
تۈردى. ئاممىنىڭ تەلەپ ـ پىكىرلىرىنى قوبۇل قى-
لىش، بېجىرىش داۋامىدا قانۇن بويىچە ئىش قىلدى.

ئىككىنچى، چوڭ ـ چوڭ ئىشلارنى، قىيىن
مەسىلىلەرنى قارار قىلىش ھوقۇقىنى يۈرگۈزۈشكە
ئەھمىيەت بېرىپ، پارتىيىنىڭ تەشەببۇسى، خەلق ئا-
ممىسىنىڭ ئىرادىسىنى گەۋدىلەندۈردى. يېزىلىق ھۆكۈ-
مەت ۋە ئۇنىڭ تارماقلىرى ئۈستىدىن قىلىدىغان قانۇن
نازارەتچىلىكى، خىزمەت نازارەتچىلىكىنى كۈچەيتىپ،
خىزمەتلەرنىڭ ئۈنۈملۈك قانات يېيىشىغا تۈرتكە بولدى.
يەر باشقۇرۇش، مالىيە، بوغالتىرلىق قاتارلىقلارغا دائىر
سەككىز قانۇن ـ نىزامنىڭ يولغا قويۇلۇش ئەھۋالىنى
تەكشۈرۈپ، ئاممىنىڭ پىكرى كۆپ بولغان يەر باشقۇ-
رۇش پونكىتى، مۇلازىملىق پونكىتى قاتارلىق ئورۇنلار-
نىڭ خىزمىتىنى ياخشىلاشنى ئوتتۇرىغا قويدى، نەتى-
جىدە يېزىلىق ھۆكۈمەت جىددىي تەدبىر قوللىنىپ، بۇ
ئورۇنلارنىڭ خىزمىتىنى ياخشىلىدى، ئاممىمۇ رازى
بولدى.

ئۈچىنچى، يېزىلىق خ ق ھەيئەت رىياسىتى
ئامما كۆڭۈل بۆلىدىغان مەسىلىلەرگە ئېتىبار بەردى.
دېھقانلارنىڭ سېلىقىنى يەڭگىللىتىش ئەھۋالىنى نۇق-
تىلىق تەكشۈرۈپ، بۇلتۇر قەرزلىرىنى تۆلەپ بولغان 18
ئائىلىنىڭ 11 مىڭ 123 يۈەن قەرزىنىڭ ھېسابتىن كۆ-
تۈرۈۋېتىلمىگەنلىكىنى سېزىپ، قايتا تەكشۈرۈش ئار-
قىلىق ئۇلارنىڭ قەرزىنى ھېسابتىن كۆتۈرۈۋەتتى. ئۇ-
نىڭدىن باشقا يەنە ۋەكىللەرنىڭ يېزىنىڭ تۈرلۈك ئىش-
لىرى ھەققىدىكى 58 پارچە تەكلىپ، پىكرىنى يېزىلىق
پارتكوم ۋە مۇناسىۋەتلىك ئورۇنلارغا يەتكۈزۈپ، خىز-
مەتلەرنىڭ ياخشى ئىشلىنىشىگە تۈرتكە بولدى.

تۆتىنچى، كادىرلارنى ۋەزىپىگە تەيىنلەش،
ۋەزىپىدىن قالدۇرۇش خىزمىتىنى ياخشى ئىشلىدى.
ۋەكىللەر پائالىيەت راسخوتىنى باشقۇرۇش جەھەتتە كى-
رىم ـ چىقىم تۈزۈمىنى يولغا قويۇپ، راسخوتنىڭ ئو-
رۇنسىز چىقىم قىلىنىشىنىڭ ئالدىنى ئالدى.

خەلق قۇرۇلتىيى ۋەكىللىرىنى قەرەللىك
تۈردە سېلىشتۇرۇپ باھالاش تۈزۈمىدە چىڭ تۇرۇپ،
ئىلغارلارنى تەقدىرلەش، ئارقىدا قالغانلارنى يېتەكلەشكە
ئەھمىيەت بەردى. دىن ئىشلىرى، مىللەتلەر ئىشلىرى،
سەھىيە ـ ساقلىقنى ساقلاش، خەلق ئىشلىرى قاتارلىق
خىزمەتلەرنى ياخشى ئىشلەپ، يېزىنىڭ «ئىككى مەدە-
نىيلىك» قۇرۇلۇشىنىڭ تەرەققىياتىغا تېگىشلىك ھەس-
سە قوشتى.

(يېزىلىق پارتكومدىن ئوسمانجان بارات)

※ ※ ※ ※ ※



## ئونسۇ ناھىيىلىك خ ق دائىمىي كومىتېتى بىر قىسىم كومىتېت ئەزالىرى ۋە ۋەكىللەرنى ناھىيىلىك ج خ ئىدارىسىنىڭ خىزمەتلىرىنى كۆزدىن كەچۈرۈشكە تەشكىللىدى

ئونسۇ ناھىيىلىك خ ق دائىمىي كومىتېتى
1999 ـ يىل 8 ـ ئاينىڭ 25 ـ كۈنى ئاپتونوم رايونلۇق
خەلق قۇرۇلتىيىنىڭ ئونسۇ ناھىيىسىدىكى ئۈچ نەپەر
ۋەكىلى، ناھىيىلىك خ ق دائىمىي كومىتېتىنىڭ بىر
قىسىم كومىتېت ئەزالىرى ۋە ناھىيىلىك خەلق قۇرۇلـ
تىيىنىڭ قىسمەن ۋەكىللىرىنى تەشكىللەپ، ناھىيە-
لىك ج خ ئىدارىسىنىڭ ئالدىنقى يېرىم يىللىق ج خ
كادىر ـ ساقچىلىرىنىڭ خىزمەت شارائىتى، خىزمەت
تەرتىپى، ئۇسۇلى، ئىشخانا ئەسلىھەلىرى، كادىر ـ
ساقچىلارنىڭ روھىي قىياپىتى ۋە مۇلازىمەت پوزىتسى-
يىسى قاتارلىق جەھەتلىرىدىكى ئەھۋاللىرىنى كۆزدىن
كەچۈرۈشكە تەشكىللەپ، ئۇلارنىڭ تۆۋەندىكىدەك ئالتە
جەھەتتىكى نەتىجىلىرىنى مۇئەييەنلەشتۈردى. بىرىن-
چىدىن، ج خ ئىدارىسىنىڭ مەسئۇللىرى خ ق دائىمىي
كومىتېتىنىڭ نازارىتىنى قوبۇل قىلىش بىلەن مەمۇرىي
قانۇنلارنى ئىجرا قىلىش يۈكسەكلىكىدە چىڭ تۇرۇشنى
بىرلەشتۈرگەن. خەلق قۇرۇلتىيى ۋەكىللىرى ۋە ھەر
مىللەت خەلق ئاممىسىنىڭ نازارىتىنى قوبۇل قىلىشنى
ج خ خىزمەت فۇنكسىيىلىرىنى باشقۇرۇشتا يېتەكچى
ئورۇنغا قويغان. ئىككىنچىدىن، ج خ ئورگىنى قوشۇن
قۇرۇلۇشىغا زور كۈچ سەرپ قىلىپ، ئىچكى جەھەتتىن
ساپانى ئۆستۈرۈپ، تاشقى جەھەتتىن ئوبراز تىكلەپ،
يۇقىرى ئۆلچەم ۋە قاتتىق تەلەپ قويۇپ، سىياسىيدا لا-
ياقەتلىك، ئىستىلدا قاتتىق، چاقىرغان ھامان ھازىر
بولىدىغان ۋە شۇ ھامان جەڭگە ئاتلىنالايدىغان كادىر ـ
ساقچى قوشۇنىنى ئاساسىي جەھەتتىن قۇرۇپ چىقىپ،
ھەر بىر كادىر ـ ساقچىنىڭ سۇبيېكتىپ پائالىيەتچان-
لىقىنى جارى قىلدۇرۇپ ۋە قوزغىتىپ، تۈرلۈك خىز-
مەتلەرنى ياخشى ئىشلەش ئۈچۈن پۇختا ئاساس تىكلە-
گەن. ئۈچىنچىدىن، ئەمەلىيەتكە بىرلەشتۈرۈپ، تۈر-
لۈك قائىدە ـ تۈزۈم ۋە مەسئۇلىيەتنامە ئورنىتىپ، قە-
رەللىك سېلىشتۇرۇپ باھالاپ، ئىلغارلارنى ئىلھاملاندۇ-
رۇپ، ئارقىدا قالغانلارغا مەدەت بېرىپ، مۇكاپات ـ جازانى
ئېنىق ئايرىپ، كادىر ـ ساقچىلارنىڭ ھەرىكىتىنى قې-
لىپلاشتۇرۇپ، قانۇننى قاتتىق ۋە ئادىل ئىجرا قىلىشنى
كاپالەتكە ئىگە قىلغان. تۆتىنچىدىن، ئىدارە، پارتكوم
رەھبەرلىك كوللېكتىپىدىكىلەر ئىتتىپاقلىشىپ ئالغا
ئىلگىرىلەپ، ئېنىق ئىش تەقسىم قىلىشىپ، ئۆزئارا
ھەمكارلىشىپ، خىزمەتلەرنى ھەقىقەتنى ئەمەلىيەتتىن
ئىزدىگەن ھالدا پۇختا قانات يايدۇرۇپ، يېڭىلىق يارى-
تىشتا چىڭ تۇرۇپ، رەھبەرلىك كوللېكتىپىنىڭ
جەڭگىۋارلىقى ۋە ئۇيۇشۇشچانلىقىنى تولۇق جارى قىلى-
دۇرغان. بەشىنچىدىن، قاماقخانىنىڭ باشقۇرۇلۇشى،
قاتناش ساقچىلىرىنىڭ ۋەزىپە ئىجرا قىلىشى ۋە ساق-
چىخانىلارنىڭ كەسپىي مۇلازىمەتلىرى تەدرىجىي ياخشى-
لىنىپ قېلىپلاشقان. خەلق ساقچىلىرىنىڭ خەلق ئا-
رىسىدىكى ئابرۇيى يۇقىرى كۆتۈرۈلگەن. ئالتىنچىدىن،
ج خ ئورگىنىنىڭ ئىشخانا ئەسلىھەلىرى كەم ۋە بىر
قەدەر ناچار بولغان ئەھۋال ئاستىدا جاپاغا چىداپ كۈرەش
قىلىش روھىنى جارى قىلدۇرۇپ، ناھىيىمىزنىڭ ئىق-
تىسادىنى گۈللەندۈرۈشتە، مۇقىملىقنى قوغداشتا،
ئاددىي ـ ساددا خىزمەت ئىستىلىنى جارى قىلدۇرۇش
روھىدا چىڭ تۇرغان.

كۆزدىن كەچۈرۈشكە قاتناشقان كومىتېت ئە-
زالىرى ۋە ۋەكىللەر ج خ ئىدارىسىگە تەكلىپلەرنى بېرىپ
خىزمەت ئۈنۈمىنى تېخىمۇ يۇقىرى كۆتۈرۈش ئۈچۈن:
(1) ئىچكى جەھەتتىكى باشقۇرۇشنى يەنىمۇ كۈچەيتىپ،
قوشۇن قۇرۇلۇشىنى ياخشىلاپ، ئايرىم كادىر ـ ساقچى-
لارنىڭ پوزىتسىيىسى قوپال، كەسپىي جەھەتتىكى سا-
پاسى تۆۋەن بولۇش مەسىلىلىرىنى بىر تەرەپ قىلىش،
بېكىتىلگەن قائىدە ـ تۈزۈملەرنى ئەمەلىيلەشتۈرۈشنى
چىڭ تۇتۇپ، كادىر ـ ساقچىلارنى قاتتىق تۈزۈم ئارقى-
لىق باشقۇرۇپ، پاك ـ دىيانەتلىك كادىر ـ ساقچىلار قو-

